# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

XIN JIANG DA XUE XUEBAO

پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى

4

1990

1990 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي 44 - سان)

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

نەشىردىن چىقتى

# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

پەسىللىك ژۇرنال

## بۇ ساندا


ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى بەزى
نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ........................................ ھېزىم قاسىم 1

يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگىنى شىنجاڭ ..........
.......... ئابدۇكېرىم رەھمان، غەيرەتجان ئوسمان 14

مەلىكە ئاسىنا ۋە غەربىي دىيار سەنئىتى ..........................
.............................. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن 28

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن
بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلىرى .............................. ھەبىبۇللا خوجا 38

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە .................... مەھمۇتجان ئاسىم 45

«تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى ئارشاكلار خانلىقى توغرىسىدا ..........
.................................................. شىرىن قۇربان 62

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىم جامالىددىن ..........
................................ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 70

يۇغۇرلار ھەققىدە خاتىرە ............ راھىلە داۋۇت، كوممۇنا جانبۇر 79

ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىسىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ
ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا بىلىش توغرىسىدا ..........
.................................... گاك شى (ق. قۇربان تەرجىمىسى) 95

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ......
.................................................. ئىلھام ياسىن 111

قەدىمىي خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە
دەسلەپكى مۇلاھىزە ........................................ چېن شىمىڭ 120

چاغاتاي تىلىدىكى يىگىرمە بەشىنچى ئۈززۈك تاۋۇش «ئ» [?] توغرىسىدا
.................................................. ئابدۇرۇپ پولات 134

# ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى بەزى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر

ھېزىم قاسىم

قىسقىچە مەزمۇنى: ئاڭ ۋە ئىرادىگە ئىگە بولغان ئىنساننى بىلىش، ئىنساننىڭ قىممىتى، ئىجتىمائىي ئورنى، رولى، ئەھمىيىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئالاھىدىلىكىنى چىنلىق بىلەن بەدىئىي ھالدا ئىپادىلەش رېئالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە. ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدە مەركەزلىك ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان بۇ مەسىلىدە، يېقىنقى بىرقانچە يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان بەس - مۇنازىرىلەر جەريانىدا، بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر ئوچۇم كىشىلەر ئاتالمىش «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» ۋە «ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى» دېگەن بىر نېمىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، «سۇبيېكتىپلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئىچكى دۇنياغا بۇراش»، «ئەدەبىياتنى ئۆزىگە قايتۇرۇش» دېگەنگە ئوخشاش بىر نېمىلەرنى كەڭ بازارغا سالدى ھەمدە ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا، «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» دەپ جار سالدى. رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئاتالمىش «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» ۋە «ئىچكى قانۇنىيىتى» دېگەن گەپلەرنى پرىنسىپ جەھەتتىن زادىلا قوبۇل قىلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق بىرقانچە مۇناسىۋەتلەرنى «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى»

www.uyghurkitap.com

دېگەنگە ئوخشاش بىلجىرلاشلارغا قەتئىي ۋە ئۈزۈل - كېسىل قارشى تۇرىدۇ. بۇ بىرقانچە خىل مۇناسىۋەت «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» ئەمەس، بەلكى ئەڭ ماھىيەتلىك، ئەڭ تۈپ ئىچكى قانۇنىيىتى، ئەدەبىيات بۇ مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىلغاندا، مەزمۇنى، ماھىيىتى، يۈرىكى ۋە روھى بولمىغان ئەدەبىيات بولۇپ قالىدۇ.

ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەدەبىيات بىنا بولغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىزچىل، كەسكىن بەس - مۇنازىرە قىلىنىۋاتقان، ئەمما ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان مۇكەممەل نەزەرىيىۋى قائىدە سىستېمىسى تۇرغۇزۇلمىغان، ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم، نازۇك، مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىش مەسىلىسىگە مۇجەسسەملەنگەن بۇ بەس - مۇنازىرىدە، يېقىنقى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىر ئوچۇم كىشىلەر مۇنازىرە ئۇسۇلى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان قىپيالىڭاچ گەپلەرنى قىلىپ، بەكمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. «سۇبيېكتىپلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئادەمنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى يوقىتىپ قويۇش»، «ئىچكى دۇنياغا يۈزلىنىش» دېگەنگە ئوخشاش ئالا - چۇقان سادالىرى ئىچىدە، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان، غەرەزلىك ھالدا بۇرمىلىغان ۋە قارا چاپلىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان مەزمۇن، ئۆلچەم ۋە قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە قىلچىمۇ مۇناسىپ بولمىغان گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇندى ۋە ئۇنى ھەجۋىيلەشتۈردى.

ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بۇلىقى ئىكەنلىكى ماركسىزملىق دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ۋە ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ھەقىقەت بولسىمۇ، ئەمما بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئۇنى «مېخانىك ئىنكاس»، «بىۋاسىتە ئىنكاس»، «ئىلمىي ئەمەس» دەپ بۇرمىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى ۋە تاشقى قانۇنىيىتى» دېگەن بىرنېمىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى

بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىقلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھېچ ئەيمەنمەستىن «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» گە مەنسۇپ قىلىۋەتتى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «ئەدەبىياتنىڭ بىردىنبىر ئوبيېكتى»، «يادروسى»، «مەقسىتى» بولغان، «ئۆزىنىڭ ئىرادىسى، ئىقتىدارى، ئىجادچانلىقى بويىچە ھەرىكەتلىنىپ تاشقى دۇنيانى ئىزگىنلەيدىغان»، ھېچنېمىنىڭ توسقۇنلۇقى ۋە چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي «سۇبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان»، «ئەسلى بويىچە تەپەككۇر قىلىدىغان ۋە دۇنيانى بىلىدىغان»، «ئىجادىي تەپەككۇر» ۋە «ھەرىكەت ئىقتىدارىغا ئىگە» بولغان ئادەم «سىنىپىيلىك ئارقىلىق سۇبيېكتلىقى يوقىتىۋېتىلگەن»، «بارلىق ئىندىۋىدۇئاللىقى سىنىپىي قاراشلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن»، «تەربىيە قوبۇل قىلىشنىلا بىلىدىغان پاسسىپ مەخلۇققا»، «سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ماشىنىدىكى چىشلىق چاقا»، «سىنىپىي زەنجىردىكى ئالغىلىمۇ، سالغىلىمۇ بولىدىغان ھالقىغا»، «سىنىپىي ماشىنىنىڭ بېقىندىسىغا» ئايلىنىپ قاپتىمىش. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى «ئادەم» «ئاڭلىق، ئەركىن گەۋدە» بولۇپ، «پائالىيەتكە بەكمۇ باپ»، «تەشەببۇسكارلىق ۋە پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، ئۆزىگە مۇھىت يارىتالايدۇ» غان، «شارائىتنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرالايدۇ» غان، «پاسسىپ، ئىلاجسىزلىق بىلەن مۇھىتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ» غان، «زورۇرىيەتنىڭ قولىغا، سەۋەب، نەتىجە زەنجىرىنىڭ ھالقىسىغا ئايلىنىپ قالمايدۇ» غان «ئادەم» ئىمىش. سەنئەتكارلار ئۆز ئىجادىي پائالىيىتىدە ئەدەبىياتنىڭ ئەنە شۇ «تاشقى قانۇنىيىتى» بويىچە ئىش قىلىپ، «سىرتتىن تېڭىلغان مەلۇم بىر خىل ئۇقۇمنى چىقىش نۇقتىسى» قىلغانلىقى، «ئادەمنى مەبۇت، قورچاق قىلىپ قويغان» لىقى ئۈچۈن، «ئەدەبىيات، سىياسىينىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قاپتىمىش»، «ئادەمنىڭ سۇبيېكتلىقىنى يوقىتىپ قويۇپتىمىش»، «ئادەمنى يوقىتىپ قويۇپتىمىش»، شۇڭا، «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» دىن «ئىچكى قانۇنىيىتى» گە، «تېشىدىن ئىچىگە كىرىش لازىم» ئىمىش.

پۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي ۋە باشقا ئىدىئولوگىيىلىك ھادىسىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى «ئەدەبىياتنىڭ تاشقى قانۇنىيىتى» ھېسابلىنىدىغان بولسا ۋە بۇ «تاشقى قانۇنىيەت» يۇقىرىدىكى «پاجىئە» لەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، ئۇ ھالدا ئەدەبىياتنىڭ «ئىچكى قانۇنىيىتى» نېمىلەردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك؟ «سۇبيېكتلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «سەنئەتنى ئۆزىگە قايتۇرۇش»، «ئۆزىنى ئىپادىلەش»، «ئەدەبىياتنىڭ ئۆز ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىگە قايتىش»، «ئەدەبىياتنىڭ سۇبيېكتلىقىنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يىغىش»، «ئەركىن قويۇۋېتىلگەن

ئىچكى دۇنيا ئارقىلىق ھەممىسىنى بىر تەرەپ قىلىش»، «ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنىڭ سۇبيېكتىپقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ۋە چەكلىمىلىكىنى ئىنكار قىلىش»، ۋەھاكازالار ئەدەبىياتنىڭ «ئىچكى قانۇنىيىتى» بولارمىش. مانا بۇلار «تېشىدىن ئىچىگە كىرىش»، «ئىچكى دۇنياغا بۇراش» بولۇپ، مۇشۇنداق «كىرىش» ۋە «بۇراش» ئەمەلگە ئاشقاندىلا، «ئەدەبىياتنىڭ سىياسىينىڭ ياللانمىسىلىق ئورنى» كەلتۈرۈپ چىقارغان «خىلمۇ - خىل رېئال ئاسارەتلەر» تۈگىتىلىپ، «سۇبيېكتىلىق» نۇر چاچارمىش.

روشەنكى، بۇ، ئوبيېكتنىڭ سۇبيېكتقا نىسبەتەن غايەت زور چەكلىمىلىك رولىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆز پرىنسىپى قىلىدىغان ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىلىق نۇقتىئىنەزەرنىڭ توپ قانۇنىيەتلىرىگە قىلىنغان ئىنكارچىلىق ۋە بىلجىرلاش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ رېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ توپ پرىنسىپى ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ، ئەدەبىيات بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ، سەنئەتكارنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىجادىيەت مېتودى قاتارلىقلارنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە قىلىنغان ئىنكارچىلىق ۋە بىلجىرلاشتىن ئىبارەت. ئۇلار ئىنكار قىلغان بۇ بىرقانچە خىل مۇناسىۋەتلەر، ئەمەلىيەتتە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ يادروسى، مەزمۇنى، توپ ماھىيىتى بولۇپ، مۇبادا ئەدەبىيات - سەنئەت بۇ بىرقانچە مۇناسىۋەتلەردىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ ھالدا، مۇنداق ئەدەبىيات ئۆزىنىڭ يۈرىكى، قېنى، گۆشى ۋە روھىدىن ئايرىلىپ قالغان قۇرۇق ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بولۇپمۇ بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كىمىكى ئاتالمىش «تاشقى قانۇنىيەت نەزەرىيىسى» ئارقىلىق ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىدېئالىستىك نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلىدىغان ئىدېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ئارقىلىق دىئالېكتىكا ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلىدىغان رېئالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپلىرىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنۇش ماھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويغان بولىدۇ.

چۈنكى، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەيلى سىنىپىي نۇقتىدىن، مەيلى ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نۇقتىسىدىن شەرھلەنسۇن، ئۇ، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان، نورمال ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەت ئىستىخىيىسىگە ئىگە بولغان ھەربىر شەخسنىڭ ئورتاق ئادىمىي خىسلىتى ۋە ماھىيىتىنى قانداق چۈشەندۈرۈش، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق قانداق ئىپادىلەش مەسىلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاساسىي ئامىللىرىنىڭ بىرى بولغان ئادەم، سىنىپ پەيدا بولغاندىن كېيىن كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈپ، مۇستەھكەملىنىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ

بارغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە پائالىيەتتە بولۇپ كەلدى. ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى قانچىلىك مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىدىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئەدەبىياتنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىكى ئادەمنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنداق بولسا، ئىنسانلار ئىجتىمائىي مۇھىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان، ئۈستقۇرۇلمىغا تەۋە بولغان ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ ھەرقانداق بىر كىشى سىياسىيدىن ئايرىلغان ھالدا ياشىيالمىغان، بەلكى كىشىلىك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى سىياسىي تەشكىل قىلغان ئىكەن، بۇ ھالدا، ئەدەبىيات ئۇنى قانداق ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك؟ ئەدەبىياتنىڭ مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ئاڭ ۋە ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغانلىقى، سىنىپتىن، سىياسىيدىن تاشقىرى ئەدەبىياتنىڭ بولمايدىغانلىقى، يازغۇچىنىڭ سىنىپنىڭ «كۆزى، قۇلىقى ۋە تىلى» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت نەزەرىيىۋى پرىنسىپلار ھازىرمۇ كۈچكە ئىگىمۇ-يوق، دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەدەبىيات بىلەن سىياسەت مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان، ئاڭ فورماتسىيىسىگە مەنسۇپ بولغان، خاراكتېرى، رولى بىر-بىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى ساھە. ئەدەبىيات سىياسىيدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان كىشىلىك تۇرمۇشنى مۇئەييەن سىياسىي مۇھىت ئىچىدە ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئوبرازلار ياردىمى بىلەن ئىپادىلەپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ ۋە بۇ ئۆزگەرگەن ئاڭ ئارقىلىق ئۆزى پەيدا بولغان ئىقتىسادىي بازىسقا ئوبدان ياكى مۇنداق تەسىر كۆرسەتسە، سىياسىي ئەدەبىياتقا ئوخشاش ئۇنداق سىلاپ - سىپاپ، ئىش ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن تېنەپ - تەمتىرەپ، ئوبراز، پىكىر، ھېسسىيات ۋە ئاللىقانداقتۇر بىر نېمىلەرنى ئىزدەپ سىپاگەرچىلىك قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ، نەتىجە ئەمەس، سەۋەب؛ تاسادىپىيلىق ئەمەس، زۆرۈرىيەت ۋە مۇقەررەرلىك. ئۇ، دۆلەتنىڭ دىكتاتۇرا ئورگانلىرى: سوت، تۈرمە، ساقچى، ئارمىيە، قانۇن قاتارلىق زورلۇق كۈچ ۋاسىتىلىرى ۋە بىر زورلۇق كۈچ ۋاسىتىلىرىنى ئومۇملۇق تۈردە ئىشلىتىدىغان، پايدىلىنىش دائىرىسى يۇقىرى چەكتە ئۈستۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەڭ يېڭى، ئەڭ كەسكىن، ۋەزىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۆكتەي - توكتەي قىلىنىۋېتىش نۇيۇزىغا ئىگە بولغان سىياسىي كۆز قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇ، خەلق پىكىرىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى سۈپىتىدە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخىغا پۇتلىكاشاڭ بولغان تۈزۈم ۋە بازىسىنى ئۆرۈش، ئىنقىلاب يولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات

www.uyghurkitap.com

تارىختا، خەلق ئاۋازىغا ئۇيغۇن بولغان تۈزۈم ۋە بازىسىنى ئورنىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇن بولغان جامائەت پىكرىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، قائىدە سۆزلەپ، ئۇنى تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئاشكارا، ئۇدۇل تەشۋىق - تەرغىپ قىلىپ، كىشىلەرنى مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاڭ ۋە ئىرادە تۇرغۇزۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. ئۇ، ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋاستىسى ئارقىلىق يېڭى ئىقتىسادىي بازىس ئورناتسىمۇ، ئۆزىنىڭ باش پروگراممىسىنى يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ قەدىمىگە يېقىندىن ماسلاشتۇرۇپ، دەرھال ئۆزگەرتىپ ياكى تولۇقلاپ ئىقتىسادىي بازىس ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىۋېرىدۇ. ئەدەبىياتتىكى ئۆزگىرىش ۋە ماسلىشىشچانلىق سىياسىيدەك تېز بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر جەريان بولۇشى لازىم.

ئەدەبىيات بازىس تەرىپىدىن بەلگىلەنسىمۇ، ئەمما، ئۇ، سىياسىي ئارقىلىقلا بازىسنى چۈشىنىدۇ ۋە بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ خاراكتېرى، رولى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ بازىسقا كۆرسىتىدىغان ئەكس تەسىرى جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى تولىمۇ يېقىن. بىراق، ۋاستىلىق ۋە بىۋاستىلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە، سىياسىي ئەدەبىياتقا قارىغاندا ئىقتىسادىي بازىسقا يېقىن تۇرسا، سىياسىي ئارقىلىق رول ئوينايدىغان ئەدەبىيات سىياسىيغا قارىغاندا بازىستىن يىراقراق تۇرىدۇ. ئەمما، ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا، سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ھامان مۇتلەق بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تېخىمۇ كەسكىن بولىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيغا بولغان تەسىرى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق تەسىر ئايلىنىپ كېلىپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا كۆرسەتكەن تەسىرى بولۇپ قالىدۇ. سىياسىينىڭ ئەدەبىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى تېخىمۇ بىۋاستە بولۇپ، ئۇ، ئەدەبىياتنى، يازغۇچىلار قوشۇنىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ ھەمدە پۈتۈنلەي گۇمراھ قىلىۋېتەلەيدۇ. يازغۇچى مۇئەييەن سىياسىي مۇھىت ئىچىدە ئەركىن پائالىيەتتە بولغۇچى، ئەركىن سۆزلىگۈچى بولغانلىقتىن، يازغان ئەسەرلىرىمۇ سىياسىينىڭ روھىدىن چەتلەپ كېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا سىياسىيدىن ھالقىغان پىكىر ئېقىمى، ئەدەبىيات ھەرىكىتى، ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمما، سىياسەتتە نېمە دېيىلگەن بولسا ئەدەبىياتمۇ تەييار سىياسىي پرىنسىپ، قارار، بەلگىلىمىلەرنى شۇ پېتى ئۆز ئەينى دېيىش ياكى مەلۇم زاماندىكى سىياسىي ۋەزىپە نېمە بولسا ئەدەبىيات شۇ ۋەزىپىگە لايىقلىشىپ، «ھە» دېسە «ھۇ» دېيىش، بۈگۈن بىر چاقىرىق،

بىرەر شوئار، بىرەر تەشۋىقات تېزىسى چىقسا، ئاخشىمى مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، شۇ چاقىرىق، شوئار، تەشۋىقات تېزىسقا لايىقلاشتۇرۇلغان سېخېمىلىق ۋاقىئەلىكلەر، جېنى ۋە روھى يوق، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلغۇچى «سىياسىي ئادەملەر»نى ياساپ چىقىپ، سىياسەتنىلا تەشۋىق قىلىدىغان ناتۇراللىستىك ئەدەبىي «ئەسەر» لەر يېزىپ چىقسا، قىسقىسى، سىياسەتنى ئەدەبىياتنىڭ ئورنىغا قويۇۋالسا ياكى سىياسەت ئارقىلىق ئەدەبىيات قانۇنىيەتلىرىنى چەتكە قاقسا، يوققا چىقارسىلا بولىۋېرىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. يازغۇچى قولىغا قەلەم ئېلىشتىن ئىلگىرى، «بۈگۈنكى كالىنداردىكى چوڭ - كىچىك خاتىرىلەر»، «تۈنۈگۈنكى قۇرۇلتاي روھى»، «ئاخشامقى رادىئو خەۋىرى»، «بۈگۈنكى گېزىت باشماقالىسى» نىڭ ئىزىدىن تاپانباستۇرۇپ قوغلىشىپ، پۇراپ يۈرىدىغان، خۇددى كېسەكچى ئاخشىمى لايىنى چىلاپ قويۇپ، ئەتىگىنى چىلاپ قويغان لېيىنى قېلىپقا تىقىپ كېسەك قۇيۇپ چىقارغاندەك، ئاۋۋال سىياسىي ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ (ئالدىن ئاڭلىۋېلىپ ياكى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ)، ئاندىن ئادەملەرنى «ۋەزىپە»، «چاقىرىق»، «شوئار» نىڭ ئىچىگە «تىقىپ»، «سىياسەت كېسىكى» قۇيۇپ چىقىرىدىغان ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي يول بىلەن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئىنكار قىلىپ، ئەدەبىياتنى شوئارۋازلىققا، سىياسەتشۇناسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ سىياسىيدىن، جەمئىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دېيەلمەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس يول بىلەن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى، ئۇنىڭ سىياسىيغا ئوخشاشلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىپادىلىگەن ھەرقانداق ئىدىيىۋىلىك كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە ئىگە بولۇشى، ئەمما سىياسىيۋىلىك مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرماسلىقى، ۋەقەلىكتىكى شەخس ئۆزى تۇيمىغان ھالدا شۇنداق بىر پائالىيەتكە قاتنىشىشى، ئۆزى جەمئىيەت فورمىسىغا ئىگە بولغان بىر خىل ئەخلاقىي ۋە روھىي ھالەتتە تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى شەكىللەندۈرگەن مۇئەييەن سىياسىينىڭ بارلىقىدىن ئەسلا خەۋىرى بولمىغان بىر شەخس سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەمما ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتىدە شۇنداق سىياسىي خاھىش ۋە شۇنداق چاقىرىق يوشۇرۇن ئەكس ئەتكەن بولۇشى لازىم. مانا بۇ ئوبراز ئارقىلىق ئىجتىمائىيلىقنى ئىپادىلەش بولىدۇ. ۋاھالەنكى، ئەسەردە سىياسىي چاقىرىق، شوئار، تەشۋىقات، ئىدىيە، پىكىرنى ئاشكارا ئېيتىپ قويۇشنىڭ خاتالىقى، بەلكى مۇنداق «ئەسەر» لەرنىڭ شوئارۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپپازلىق بولۇپ قالىدىغانلىقى، ھەتتا ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلانمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ، كىتابخانلارنىڭ ھازىرغىچە ئوقۇپ كەلگىنى ۋە داۋاملىق زېرىككەن ھالدا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقۇۋاتقىنى دەل سىياسەت ئەينەن تەشۋىق قىلىنغان ئەسەرلەر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ «ئەسەر» لەردە يېزىلغان «ئادەم» لەر ئادەملىك خۇسۇسىيىتى، تارىخىي ئورنى، قىممىتى بولمىغان سىياسىي «ھەيكەللەر» بولۇپ، ئۇلارنىڭ سالاھىيىتى، ئىشقا بولغان باغلىنىشلىقلىقىغا قارىماي، سورۇنلا بولسا چوڭ - چوڭ سىياسىي پرىنسىپلار، قائىدىلەرنى تەپتارتماستىن سۆزلەيدىغان «مەدداھ» لاردۇر. شۇڭلاشقا، كىتابخانلار مۇنداق «ئەسەر» لەرنى بىرەر قۇر كۆرۈپلا: «ناھايىتى ئوبدان تەشۋىقات ۋارىقى»، ياكى «گېزىت باشماقالىسى» بوپتۇ دەيدىغان بولۇۋالدى. بىز باھادا مۇشۇ خىل ئەسەرلەردە ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقى، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىدە ئەزەلدىن بار بولغان ۋە بىزنىڭ كېيىنمۇ داۋاملىق بولىدىغان ئىستېتىكىلىق نەرسىلەرنىڭ يوققا چىقىرىۋېتىلگەنلىكى، ئىستېتىكىلىق نەرسىلەرنىڭ ئورنىغا سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ سەپلەپ تولدۇرۇلۇپ قويۇلغانلىقى ناھايىتى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇيىغا قاراپ كېيىم پىچقاندەك، مەلۇم بىر ئۆلچەملىك سىياسەتنىڭ قىممىتىگە قاراپ ياساپ چىقىلغان بىز ئادەملەرنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي ئىستېتىكىلىق پرىنسىپلىرىغا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان مەمۇرىي بۇيرۇق تۈسىنى ئالغان ئىدىئولوگىيىلىك ۋەزىپە، پرىنسىپلارغا بېقىندۇرۇپ قويۇلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقلا، مۇئەييەن تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈرۈپ قويۇلماسلىقى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، مۇنداق ئادەملەر تويۇنمىغان ئېرىتمە سۈپىتىدە بارلىق ھەرىكەت، ۋەزىپە، يولىيورۇقلارنى «سۈمۈرگۈچى» ۋە ئۇنى يۇۋاش - مۆمىنلىك بىلەن قوبۇل قىلغۇچىلار بولىدۇكى، ھەرگىز «سۈمۈرگۈچىلىك» رول ئوينىۋاتقاندا مەلۇم بىر پائالىيەت ئىچىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان، تەجرىبە بىلەن شەيئىلىنىۋاتقان ئادەم سۈپىتىدە ئۆز سۇبيېكتىپ ئىرادىسىنى، ئىرادە قەتئىيلىكىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ بىرلىكى مەسىلىسىدە ئومۇمىي ئىستېتىكىلىق پرىنسىپلارنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھالدا تەكىتلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتا شۇكى، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يېزىلىدىغان ھەر خىل پېرسوناژلار (مەيلى ئىجابىي ياكى سەلبىي بولسۇن) نىڭ ھەرقانداق پائالىيەتچان ۋە ئىجادچانلىقى قويۇۋېتىلگەن، مەنىۋى ئىشكى بوغۇپ قويۇلمىغان، ئاڭ ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك سەزگۈرلۈككە ئىگە، ئۆزىگە خاس مۇستەقىل پىكىر قىلغۇچى شەيئىلىكىنى ساقلىغان، ئاسان ئىشىنىپ ۋە ئەگىشىپ كەتمەيدىغان، ئاسان غەلىبە قىلىپمۇ كەتمەيدىغان، ئاسان مەغلۇپ بولۇپمۇ كەتمەيدىغان، غەلىبىسىدىن ئاسان ئۇچۇپمۇ كەتمەيدىغان، مەغلۇبىيىتىگە ئاسان تەن بېرىپمۇ كەتمەيدىغان شەخسلەر بولۇشى (بۇ، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش ئەمەس)، قىسقىسى، سۇبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئۆزلەشتۈرگەن، ئىچكى پائالىيەت-

چانلىققا ئىگە شەخسلەر بولۇشى كېرەك. بۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى، تەسەۋۋۇر پائالىيەتلىرى بويىچە ئويغا باشلىسىمۇ، دۆڭگە باشلىسىمۇ كېتىۋېرىدىغان، ئۆز مەيلىچە سەنەمگە سېلىنىۋېرىدىغان باشسىز تەنگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. مۇشۇنداق بولغاندا، پېرسوناژ قويۇپ چىقىرىلغان «سىياسىينىڭ كېسىكى» بولۇپ قېلىشتىن خالى بولالايدۇ، پېرسوناژنىڭ مۇستەقىل ئىچكى ئالىمىنى ئۇنىڭ مۇقەررەرلىك ئىچىدە تۇرغان ئوبيېكتىپ تاشقى ئالەمى بىلەن چەمبەرچەس باغلىغىلى، شۇنداق قىلىپ، مەلۇم بىر خىل ئۇقۇم، ۋەزىپە، مەمۇرىي بۇيرۇقنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلىۋالمايدىغان، ئەمەلىي ئېڭى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلغان بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتقىلى بولىدۇ. بۇ، ئادەملەرنىڭ ئادىمىي ئورنىغا، ئىنكار قىلىنغان خىسلىتىگە، خۇنۇكلەشتۈرۈلگەن خاراكتېرىغا قىلىنغان ھۆرمەت ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈشتىكى تىرىشچانلىق.

ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ بىرلىكى مەسىلىسىدە تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى مەسىلىسى. بۇ مەسىلىدە ئەزەلدىن تەكىتلىنىپ كېلىۋاتقان ئومۇملاشقان ئوبيېكت پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ تەبىئەت دۇنياسى. ئىنسانىيەت دۇنياسىمۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ، چوڭ جەھەتتىن جەمئىيەت ۋە تارىختىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدىكى بۇ ئومۇملاشقان ھۆكۈمدە، گەرچە، خاتالىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمنىڭ مەركىزى نېمە بولۇشى كېرەك، دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن قائىدىلەشكەن تونۇشنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقىدىن، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەدەبىيات ئوبيېكتىنىڭ ئىچكى كۈچى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈلمەي چېچىۋېتىلىدى ياكى ئۆز ئىچكى كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئالايلۇق، ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى بولغان تەبىئەت دۇنياسى، يازغۇچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، يېزىلىدىغان چەكسىزلىكتىكى پايانى يوق ئوبيېكتىپ ئوبيېكت، ئۇ، ماھىيىتى ماددىدىن ئىبارەت بولغان دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورگانىك جىسىملار، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ئادەملەر مۇشۇ دۇنيادىكى ماددىنىڭ ھەر خىل شەكىل ھالەتلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ماددىنىڭ يوقالمايدىغانلىقى ھەم ئۇنى يارىتقىلى بولمايدىغانلىقى ئىنسانىيەت ئېڭىدا ئوبيېكتىپ چىنلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. ئوبيېكتىپ چىنلىق، ماھىيەتتە، ئىنساننىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدا تۇرىدىغان (ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان) ماددىي دۇنيا ۋە ئۇنىڭ مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان قانۇنىيىتىدۇر. ئوبيېكتىپ چىنلىق ئىنسان ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىنسان ئېڭىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئەدەبىياتتىكى ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش مەسىلىسى دەل مۇشۇ مەسىلە بولۇپ، ئەسلىدە بۇ مەسىلىنىڭ مەركىزى ئادەم بولۇشى، ئادەم ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسىتى ئىچىدىكى مەقسەتنىڭ مەقسىتى، مەركەزنىڭ مەركىزى بولۇشى كېرەك ئىدى. مەركەزنى چۈشىنىش، مەركەزنى تەكىتلەشنىڭ ئىنتايىن يېتەرسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەن بۇ سۆز، ئەمەلىيەتتە، تەبىئەت دۇنياسىنى يېزىش، ۋەقە، ھادىسىلەرنى يېزىش، ھەرىكەتنى يېزىشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ۋاھالەنكى، بۇلارنى يازغاندا ئادەملەر يېزىلمىدى، ھادىسىلەر ئادەملەرنى كۆمۈپ تاشلىدى. ئەسەرلەر ئادەملەرگە ئەزان قىچقىرىپ قويۇلىدىغان ئىسىم - فەمىلىلەر بىلەن تۇشۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ «ئادەملەر» نىڭ جىسمى كۆرۈنمىدى. ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە، ئادەمنىڭ شارائىتنى يارىتىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان، ھەتتا ئۇنى كونترول قىلالايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، پېرسوناژنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا شارائىتنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇش ناھايىتى كۆپ تەكىتلەندى. ۋاھالەنكى، پېرسوناژنىڭمۇ ئۆز شارائىتى يار بەرگەن ئەھۋالدا شارائىتقا مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلىقى يېپىپ قويۇلدى. نەتىجىدە، پېرسوناژنىڭ تۇرمۇش تارىخى شارائىتنىڭ تارىخى، ئۇنىڭ خاراكتېرى شۇ شارائىتتىكى سىياسىي بولۇپ قالدى. سىياسىينىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىق قىلىۋېلىنىشىمۇ ئوبيېكتىپ چىنلىق مەسىلىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. «لۇشيەن كۆرىشى»، «سىنىپىي كۆرەش»، «ۋەزىيەت قارىشى» ئېگىنى پېرسوناژنىڭ سوبيېكتىپ ئېڭىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە ئورۇنۇش، پېرسوناژنى چوڭ قائىدە - پرىنسىپلارغا بويسۇنۇشىلا بىلىدىغان، چۈشەنسىمۇ، ئىجرا قىلىش ئوبيېكتى قىلىپ قويىدىغان، مەمۇرىي بۇيرۇق، تەشۋىقات، ۋەزىپە ئۈچۈن پەرمانبەردارلىق كۆرسىتىش يولىدىلا يۈگۈشۈپ يۈرىدىغان، كۆڭلىدە قايىل بولمايۋاتسىمۇ ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايدىغان، ھەرىكىتىدە چاندۇرۇپمۇ يۈرمەيدىغان، سەۋەبىنىڭ سادىق قۇلى بولۇشىنى راۋا كۆرىدىغان، ھەممىلا ئىشتا تونۇشى، ھەرىكىتى، قەدىمى بىرلىككە كەلگەن، بىر كۆماندىغا بويسۇنىدىغان چوڭ قوشۇننىڭ ئىنتائەتمەن بىر «جەڭچىسى» قىلىپ قويۇلىدىغان خاھىشلارنىڭ ھەممىسى نوپۇز كۆچىگە ئىگە سىياسىينى مۇتلەق ئوبيېكتىپ چىنلىق قىلىۋالغانلىق ياكى سىياسىينى ئوبيېكتىپ چىنلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالغانلىقتۇر. مۇنداق ئەكس ئەتتۈرگەن چىنلىقتا ئادەم ئادەملىك قىممىتىگە ھەرگىز ئىگە بولمايدۇ. ئادەم ئات - ئۇلاق، قورال - سايماندىن، ياكى تولغىسا ماڭىدىغان، دەسسىسە توختايدىغان مېخانىك ماشىنىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ھەل قىلىنىدىغان ئەڭ نېگىزلىك مەسىلە — ئادەمنى مەركەز قىلىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئوبيېكتقا، ئۆزىگە ئۆزى

خوجا بولالايدىغان، مەلۇم ئوبيېكتىپ شەرت ئاستىدا، ئۆزىنى - ئۆزى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش، ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولغان ھەم شارائىتقا بويسۇنىدىغان، ھەم شارائىتنى يارىتىدىغان، ھەم ماسلىشىدىغان، ھەم ئۇنىڭغا ئۆكتە قوپىدىغان تەشەببۇسكار شەخس سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدۇر.

نېمىنى يېزىش ۋە قانداق يېزىش مەسىلىسى؛ ئەدەبىياتنىڭ ئوبيېكتى مەسىلىسىدە ھەل قىلىنىشى زۆرۈر بولغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. نېمىنى يېزىش مەسىلىسىدە، يۇقىرىدا بىر قەدەر ئېنىق، مۇكەممەل ۋە توغرا بولغان كۆز قاراش سۈپىتىدە ئادەمنى، ئادەملىك خىسلىتى، خۇسۇسىيىتى، رولى ۋە قىممىتىنى يېزىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن، ئادەمنى يېزىش دېگەن بۇ سۆز ئومۇملاشقان بىر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىي كونكرېتلىققا ئىگە قىلىشتا، يەنى ئادەمنىڭ زادى نېمىسىنى يېزىش لازىم دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئادىمىي خىسلەت، خۇسۇسىيەت، رول ۋە قىممەت دېگەن نەرسىلەر مەلۇم مەنىدىكى ئىدىيىۋىلىكتىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەمنىڭ نېمىسىنى يېزىش مەسىلىسى، ماھىيەتتە، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسى مەسىلىسىدۇر. بۇ مەسىلىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بىر تەرەپ بار، ئۇ بولسىمۇ يازغۇچىنىڭ سىزىمچانلىقى، تۇرمۇشتىن قوبۇل قىلغان بىلىمى، تەسىرلىنىشى، ئىچكى ھەرىكىتى، ئىجادىيەت مۇددىئاسى قاتارلىق ھېسسىي ۋە ئەمەلىي سۇبيېكتىپچانلىقىدۇر. ھەرقانداق بىر سەزگۈر يازغۇچى ئەسەرنىڭ تېماتىك ئىدىيىسى مەسىلىسىدە، نېمىنى يېزىشقا بولىدىغانلىقى، نېمىنى يېزىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئالدىن ئويلانسىمۇ، لېكىن يېزىشقا بولىدىغان نەرسىنى قانداق يېزىش لازىملىقى ئۈستىدە تازا باش قاتۇرىدۇ. مۇنداق يازغۇچى ئۆزىنى ئاتالمىش «زامانىۋى»، «يىرىك»، «مازىر جاۋاب» تېمىلار كەينىدىن قوغلىشىپ مېڭىدىغان «قوغلىغۇچى» پاراخوتقا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇ تېما ئالدىدا سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلىنىپ، مەنىۋى تالانتىنىڭ يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسىغا ئىگە بولۇشىدىكى پائالىيەتچانلىقىنى تەكشەيدۇ ۋە تاللاپ تەرتىپكە سالىدۇ. مۇشۇنداق «تەكشەش»، «تاللاش» ۋە «تەرتىپكە سېلىش» ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرگەن يازغۇچىنىڭ تاللىۋالغان تېمىسى ئالدىنقىلار يېزىپ بولغان ھەرقانداق بىر تېمىغا نىسبەتەن قىلىنغان كۈچلۈك ئىنكار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى يېڭى، ئەمما ئاددىيلىق ئىچىدىكى قىزىقارلىق مۇرەككەپلىككە، ھەيۋەتلىك سىرلىقلىققا، شۇنداقلا كۈچلۈك شېئىرىي تۇيغۇغا ئىگە بولغان، تۇرمۇشنىڭ يوشۇرۇن مەنىلىرىنى مەلۇم جەھەتتىن چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەرگەن، ئالاھىدە خاسلىققا ئىگە بولغان، ئۇنىڭ ياكى بۇنىڭ ئورنىغا زادىلا دەسسەتكىلى بولمايدىغان، بۇ ئەسەر بىلەن ئۇ ئەسەرنى تۈپتىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە تېما بولغان بولىدۇ. بۇ يەردە يازغۇچىنىڭ ئۆز خاراكتېرى تەرىپىدىن

يېتىشتۈرۈلگەن يېزىقچىلىق پسىخولوگىك ئادىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇنىڭدا، يازغۇچى تۆۋەندىكى روھىي ھادىسىلەرنىڭ قايسىبىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويىدىكەن ياكى ئۇنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ئاخىرقى مەقسىتى قىلىۋالىدىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنداق يازغۇچى ئىجادىيىتىنى تىرىكچىلىك قىلىش «ھۈنىرى» دىن ئىبارەت قول ئەمگىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان، سىياسىي جەھەتتىكى غەيرىتىنى ئەدەبىياتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋالغان بولىدۇ.

بىرىنچى، ئەگەر يازغۇچى: «ئۆز جېنىنى ئايايدۇ، قۇرۇت ـ قوڭغۇز چېقىسىدا» دېگەن ھېكمەتنى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىدىكى بايراق قىلىۋالىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا يازغۇچى «جېنىنى ئاياش»، سەمىرىش، كۆپلەپ ماددىي بۇيۇم ۋە نەقلىي ئەمگەك كاپىتالى توپلاش، ئۆيىدە تېلېفون، ئىشىك ئالدىدا ماشىنا بولۇش، تۆر تاللىشىش، يولىيورۇق بېرىش ۋە رىياسەتچىلىك قىلىشتەك ئىشلار بىلەن مەنپەئەتپەرەستلىككە بەنت بولۇپ قېلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇش شارائىتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇ ھالدا، يازغۇچى مەنسۇپ ئىجادىيەت سەزگۈرلىكىنى يوقىتىپ، قۇرۇقلاشقان مەنپەئەت سەزگۈرلىكىنى تىكلەپ، مەركەزدىن چەتلەشكە قاراپ ماڭغان بولىدۇ. ھەيۋەتلىك تۇرمۇش ئېقىنىدىن لەيلەپ چىقىپ، كۆپۈككە ئايلىنىپ قالغان بولىدۇ. ئىجادىيىتىنى ئوردا دەرۋازىسىنى قاقىدىغان «پاخشا خىش»، يۇقىرىغا قاراپ ياماشىدىغان «شوتا» قىلىۋالغاندا، نېمىنى يېزىش مەسىلىسى ھەرقاچان بېسىم ئورنىدا تۇرغان، «قانداق يېزىش» مەسىلىسى تاشلىۋېتىلگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، يازغۇچى ئۆزىنى ـ ئۆزى خارلاپ، باشقىلارنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپلا ماڭىدىغان، ئەمما مەڭگۈ باشقىلارغا يېتىشەلمەيدىغان، ئالدىدا «بەلگە» بولمىسا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدىغان «قوغلىغۇچى پاراخوت» بولۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى بىر خىل ئەھۋال شۇكى، «نېمىنى يېزىش» مەسىلىسىدە ھەمىشە ئاجايىپ ـ غارايىپلىق بىلەن داڭ چىقىرىشقا قىزىقسىنىپ، ئوبيېكتىپ تېمىلاردىن چەتلەپ، «تېما غەيرىلىكى» بىلەن شان ـ شۆھرەت قازىنىشقا بېرىلىپ كېتىش. بۇمۇ ئوخشاشلا «ئادەم ئۆزىنى دېمىسە يەر يۇتۇپ كېتىدۇ» دەيدىغان شەخسىي مەنپەئەتپەرەستلىك ئېكى ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغانلىق بولىدۇ. تونۇش ۋە بىلىش مۇددىئاسى تار رامكىنىڭ ئىچىدە چۈشۈپ قالغان، غەيرىلىك ئەقلىيلىكتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن بولىدۇ. ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىكى كۆرۈنگەن بۇ خىل خاھىشلارنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتە، سىياسىي خاھىش ئالغان مەسىلىلەردۇر. مۇنداق ئەھۋاللاردا يازغۇچىنىڭ مەنىۋى كۈچىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى، ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنىڭ نامايەن قىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، ئەدەبىيات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى مۇرەككەپ مەسىلە، بىرەر ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ زور ياكى كىچىكلىكى،

تەسىرى، قىممىتىنىڭ قانداقلىقى ھەرگىز شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سىياسەت، قارار، بەلگىلىمە، شۇئار، لوزۇنكىلارنىڭ چوڭ، كۆپ ۋە مۇھىملىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ ياكى ئىمىسنى يازغانلىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى، «ئىمىسنى» «قانداق» يازغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. «قانداق يېزىش» تالانت، ماھارەت مەسىلىسىدۇر. يازغۇچىنىڭ كالللىسىدا «قانداق يېزىش» مەسىلىسى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغاندا، يېزىلىدىغان تېما مەيلى جىددىي سىياسىي تېما، چاقىرىق، شۇئار، ۋاھاكازالار بولغاندىمۇ، يازغۇچى ھېچقاچان ئۇنى كىتابخانغا شۇ پېتىچىلا تەقدىم قىلماي، ئۇنى بەدىئىيلىك نۇرلىرى ئارقىلىق بېزەپ، «تاۋار ياغلىققا ئوراپ»، ھايات ۋەقەلىكلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەيلەپ، قايسىنىڭ سىياسىي، قايسىنىڭ ۋاقىئە ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا پەرق ئېتەلمەيدىغان، ئەمما كۆز يۈگۈرتسە، ئويلىنىپ «قوشۇمىسىنى تۇرۇپ باقسا» كۆرەلەيدىغان قىلىپ تەقدىم قىلىدۇ. مانا بۇ، سىياسىيۋىلىكتىن چەتلەپ كېتەلمەيدىغان، بەلكى سىياسىيۋىلىك ئىچكى ۋە تاشقى قەۋەتلىرىنىڭ ھەممىسىگە سىڭىشىپ، ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ئىزناسىنى بېسىپ ماڭىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقنى مۇئەييەن تارىخىي، سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىدە قانداق يېزىش، ئىپادىلەش، ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر بەدىئىي پرىنسىپىدۇر. ئاز بولمىغان بىر قىسىم «ئەسەر» لەرنىڭ ھۆججەت، قارار، باشماقالىلاردىن پەرقلەندۈرۈشنىڭ قىيىنغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىدىكى تۈپ ئاساسىي سەۋەبلەر ئىچىدە، يازغۇچىنىڭ دەل مۇشۇ نۇقتىغا ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلەلمەيۋاتقانلىقى ۋە ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە ئۇچراشقان ھەربىر مەسىلىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلالمايۋاتقانلىقى بىردىنبىر سەۋەب بولۇپ قالماقتا.

# يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى — شىنجاڭ

ئابدۇكېرىم رەھمان

غەيرەتجان ئوسمان

قىسقىچە مەزمۇنى: ئېلىمىزنىڭ چاڭئەن (شىئەن) شەھىرىدىن باشلانغان «يىپەك يولى» — شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئوقىدۇر. «يىپەك يولى» نوقۇل ھالدا قەدىمكى سودا ئالاقە يولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىم دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدۇر، شۇڭا ئۇنى ئومۇملۇق نۇقتىسىدا «دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسىدۇر» دېيىشكە ھەقلىقمىز.

شىنجاڭ — «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ «يىپەك يولى» نىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى ئۈچ چوڭ لىنىيىسى ئىچىدە تارىمىلىقلار ئاچقان «بوستانلىق يولى» نىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر مۇھىم بولۇپ، تارىم مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.

خەلقئارا «يىپەك يولى» نىڭ ئېچىلىشى تاسادىپىي ۋەقە بولماستىن، بەلكى ئۇ يىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە، يەنى ئۇ، دۇنيا بىردەك ئېتىراپ قىلغان «قاشتېشى يولى» نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونى قەدىمدىن باشلاپ «قاشتېشى ماكانى» بولۇپ، مۇشۇ رايوننىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق سەنئىتى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان. شۇڭا، «يىپەك يولى» نى مۇھاكىمە قىلىشتا شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قاشتېشى ئويمىكارلىقى ۋە يىپەك ئىشلەپچىقىرىش سەنئىتىگە دائىر ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە تارىخىي خاتىرىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ.

# I

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە، يول، بېرىش - كېلىش، مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مال ئالماشتۇرۇش، سودا تارىخى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

كارل ماركس قاتناش - ئالاقە ۋە كارۋان سودىسىغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «كارۋان سودىسى كارۋان يوللىرى ئۆتىدىغان رايونلار ئۈچۈن مۇھىم ئىقتىسادىي ئامىل بولۇپ؛ ئوبيېكتىپ رەۋىشتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئېنىقراقى ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئاھالىنىڭ جايدىن - جايغا كۆچۈشى ۋە مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ئۈچۈن شارائىت يارىتىدۇ. كونا ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئورنىتىلىشىغا تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىدۇ.»①

بىز دۇنيانىڭ يىراق قەدىمكى زامان تارىخىدىكى قاتناش ۋە يولنىڭ قانداق بولغانلىقىنى تازا ئېنىق بىلەلمەيمىز. ئەمما، ھەر خىل تارىخىي پاكىتلار ۋە پەرەزلەرگە ئاساسلىنىپ، تارىختىكى ئەڭ چوڭ قاتناش يولىنى ئاسىيالىقلار باشلىغان ياكى ئاچقانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا قەدىمكى ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە ئون مىڭ يىل ئىلگىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە كۆچۈپ بېرىش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي ئاسىيا - شىمالىي ئامېرىكا مۇز دەۋر يولى»، ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىيانلىرىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ياۋروپا، ئىران ئېگىزلىكى ھەمدە ھىندىستانغا كۆچۈش جەريانىدىكى «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يولى» ۋە «برونزا يولى»، شىمالىي ئاسىيا، جەنۇبىي سىبىرىيەدىكى شۇنيۇن، دى، گۇيفاڭ قەۋملىرىنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ھەم ئۇرال - ئالتاي رايونىغا كۆچۈش جەريانىدا ئاچقان «شىمالىي يايلاق يولى»، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3000 -، 2000 - يىللاردا ئىران، مېسوپوتامىيە، مىسىر، سۈرىيە ۋە ئاناتولىيە ئارىلىقىدا توشۇلىدىغان «ياقۇت سودا يولى»②، مىلادىدىن بىرقانچە مىڭ يىل بۇرۇن باشلانغان، تارىملىقلارنىڭ شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربتە سومېر — بابىلون، شىمالدا ئۇرال رايونىغىچە سوزۇلغان «قاش تېشى يولى»، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاسىيا - ياۋروپا (جۇڭگو، ھىندىستان، ئوتتۇرا - يېقىن شەرق، ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرى) رايونىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت يولى بولغان دۇنياغا مەشھۇر «يىپەك يولى» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىپ سۆزلەشكە بولىدۇ.

ئاسىيالىقلارنىڭ يول ۋە قاتناش تارىخىدا شىمالىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ئاھالىسىنىڭ تۇتقان ئورنى بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان. چۈنكى،

www.uyghurkitap.com

بۇ يوللارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا دېگەندە كىشىلەر بىردەك ئۇنىڭ دەل مەركىزىي رايونى شىنجاڭ دەپ چۈشىنىدۇ. بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك، ئېلىمىز جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن لىنىيىسى شىنجاڭدا. ئۇنىڭ بىرلا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئەگەر جەنۇبىي، ئوتتۇرا ۋە شىمالىي لىنىيىدىن ئىبارەت ئۈچ لىنىيە قوشۇلسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقى قىسقىچە تەپسىلاتتىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ نۇرغۇن يول مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بۇ يوللارنىڭ ئىچىدە «يىپەك يولى» ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك سالاپەت ۋە نوپۇز بىلەن شەرق - غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدا سالماق ۋە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇڭا كىشىلەر دۇنيا يول تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا «يىپەك يولى» غا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قاراشماقتا.

«يىپەك يولى» نىڭ مۇنداق جەزبىدار قىياپەتتە تارىختىن ئورۇن ئېلىشى ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ موللىقىدا.

«يىپەك يولى» بىر ماكرولۇق چۈشەنچە. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئالىملار ئۇنى مىكرو نۇقتىدىن شاخلىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىزاھلاپ كەلدى. بىز بۇ ماقالىدە «قاشتېشى يولى» نىڭ «يىپەك يولى» سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## II

يىپەك يولىنى دۇنيا مىقياسىدىن ئۈچ چوڭ غول لىنىيىگە ئايرىتىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى، ياۋروپا - ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى شىمالىي يايلاق بەلبېغىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش يولى، بۇ «يايلاق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئاسىيا قۇملۇق رايونلىرىدىكى پارچە بوستانلىقلاردىن ئۆتىدىغان يول بولۇپ، بۇ «بوستانلىق يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۈچىنچى، جەنۇبىي جۇڭگودىن باشلىنىپ، شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا، سىرلانكا، ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، پارس قولتۇقى ۋە قىزىل دېڭىزغا بارىدىغان جەنۇبىي دېڭىز يولى، بۇ «دېڭىزدىكى يىپەك يولى» دەپ ئاتىلىدۇ.③

بۇ ئۈچ غول لىنىيىنىڭ ئىچىدە «بوستانلىق يولى» نىڭ تۇتقان ئورنى

بىر قەدەر مۇھىم. گەرچە بۇ يول پۈتۈنلەي دېگۈدەك قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغان، شۇنداقلا مېڭىش تەس بولغان، پامىر ئېگىزلىكىدىن ئاتلاپ ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن، بۇ رايونلاردا بىرمۇنچە بوستانلىق بولغاچقا، بۇ يول تارىختا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەن قاتناش يولى — بوستانلىق يولى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئادەتتە ئېيتىلىدىغان تار مەنىدىكى «يىپەك يولى» دەل مۇشۇ يولنى كۆرسىتىدۇ.④

جۇڭگو يىپەكلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. خەنزۇ رىۋايەتلىرىدە ئۇنى خۇاڭدى زامانى بىلەن باغلاپ بارلىققا كېلىش جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، ئارخېئولو-گىيىلىك پاكىتلار ۋە يازما ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ھازىرقى زامانىمىزدىن 3000 يىل بۇرۇنقى يىن — شاڭ دەۋرىدە جۇڭگودا يىپەكچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلىلا ئومۇملاشقان. شۇ دەۋرگە خاس چىغىناق - تاغاق پۈتۈك (جىياگۇۋېن) لەردە تۇجمە، پىلە، يىپەككە ئائىت خەتلەر ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە جۇڭگودا يىپەكچىلىك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى ھەم جۇڭگونىڭ ئەتىۋارلىق بۇيۇمىغا ئايلاندى.

يىپەك بۇيۇملار ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى V ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە سىرتقا ئاستا - ئاستا يۆتكەلگەن. تۇرپان بوستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادىدىن بۇرۇنقى V — III ئەسىرگە تەئەللۇق ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئىچىدە يىپەك توقۇلمىلار چىققان. بۇ ئەينى چاغدا شىنجاڭدا يىپەك بۇيۇملارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.⑤ يىپەك مىلادىدىن بۇرۇنقى VI ئەسىرلەردە ھەم ئالتاي رايونىغا يېتىپ بارغانىدى. مانا مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى غەرب دۇنياسى تەدرىجى چۈشەندى. جاڭ چيەننىڭ غەربىي ئەللەرگە قىلغان ئىككى قېتىملىق زىيارىتى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك يولىنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

يىپەك يولىنىڭ بۇنداق ئېچىلىشى تاسادىپىي ۋەقە ئەمەس. ئۇ يىراق تارىخىي مەنبەگە، پۇختا ماددىي ئاساسقا ئىگە. يەنى ئۇ شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدا ئاللىبۇرۇن ئېچىلىپ، راۋانلىشىپ ۋايىغا يەتكەن يوللارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى. بۇ يول دەل قاشتېشى يولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شىنجاڭنىڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا نىسبەتەنمۇ ھەممىدىن بۇرۇن. ئۇ يەردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى، قاشتېشى سايمانلىرى ۋە قاشتېشى ئويمىچىلىقى ئەمەلىيەتتە شىنجاڭدىن تارقالغان.⑥ دۇنيادا ئۆزىگە خاس «شەرق سەنئىتى» گە ئىگە دەپ نام ئالغىنى ئەمەلىيەتتە «شىنجاڭ سەنئىتى» ئىدى.

شىنجاڭ قاشتېشى سايمانلىرىنىڭ تارىخىنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن سۈرۈشتە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.⑦ ئۇ چاغلاردىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى بىر خىل

قورال بولۇپلا قالماستىن بەلكى، سەنئەت بۇيۇمى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى.

شىنجاڭ قاشتېشى ئىچىدە خوتەن قاشتېشى ھەممىدىن مەشھۇر. قەدىمكى خوتەنلىكلەر قاشتېشىنى بايقاش، قېزىش، سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇرۇش بۇيۇمى قىلغان. ئۇلار ئۆز دائىرىسى، جۈملىدىن تارىم ۋادىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سىرت بىلەن بولغان ئالاقىدە قاشتېشى بۇيۇمىدىن پايدىلانغان.

قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگۈزۈلۈشى ئۇ يەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ساھەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان.

غەربىي لياۋنىڭدىكى بۇنىڭدىن 5000 يىل بۇرۇنقى قىزىل تاش مەدەنىيىتى (نيۇخۇلاڭ) خارابىسىدىن قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن نەپىس بۇيۇملار تېپىلدى.⑧ بۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە قاشتېشىغا دائىر ئەڭ بۇرۇنقى ماددىي بۇيۇملار بولۇپ سانىلىدۇ. قەدىمكى دەۋردە قاشتېشى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ناھايىتى زور مىقداردا توشۇلغان. تارىختىكى توشۇلۇش مىقدارىنى مۆلچەرلەش تەس. پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 يىل ئىلگىرىكى يىن دەۋرىگە مەنسۇپ فۇخاۋ قەبرىگاھلىقى (妇好墓) دىنلا 765 دانە قاشتېشى جابدۇقلىرى تېپىلغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بازا قىلىپ تارىخ سەھىپىسىدە ئىز قالدۇرغان شاڭ-يىن، جۇ، چۇنچيۇ، جەنگو، چىن ۋە خەن دەۋرىگە ئەئەللۇق قەدىمكى خارابىلەردىن ۋە يازما ھۆججەتلەردىن قاشتېشىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشىنىڭ مىقدارى ۋە كىشىلەر نەزەرىدىكى مۇھىم ئورنى ھەققىدە بىر خىل چۈشەنچىگە كېلىشكە بولىدۇ. خەن دەۋرىدىن تا چىڭ دەۋرىگىچە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە قاشتېشى داۋاملىق توشۇلۇپ تۇرغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر قاشتېشىغا ناھايىتى ھېرىسمەن بولغان، ئۇنى چەكسىز سىرلىقلاشتۇرغان. ھازىرقى زاماندىن 8000 يىل بۇرۇن ئۆتكەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان، خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇق ئاقساقىلى خۇاڭدى قاشتېشى بىلەن تونۇشقان. يەنى يىراق قەدىمكى زامانلاردا غەربىي خان ئانا (شى ۋاڭمۇ) خۇاڭدىغا ئاق قاشتېشى بېزەكنى تەقدىم قىلغان ئىمىش. «قومۇش كىتاب يىلنامىسى» (竹书纪年) دىكى خاتىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئاقساقال شۈننىڭ و - يىلى «غەربىي خان ئانا ئوردىغا كېلىپ، ئاق قاشتېشى سايمانلىرى تەقدىم قىلغان» ئىمىش. بۇنداق ئەپسانە - رىۋايەتلەر خەنزۇچە قەدىمكى يېزىق - پۈتۈكلىرى ۋە ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر قاشتېشىغا بىر خىل سېھىرىي خۇسۇسىيەت ئاتا قىلىش بىلەن بىللە، قاشتېشىنى سۆيۈشتەك ئەخلاق ئۆلچىمىنى يېتىلدۈرۈپ چىققان.

بۇنداق ئەخلاقىي تۇرمۇش قارىشىنىڭ ئىچىگە قاشتېشىنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى دەپ تونۇش، باياشاتلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قاراش، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچىمى دەپ بىلىش، ھوقۇق، مەرتىۋە دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم دەپ ھېسابلاش، ئىلاھنىڭ مۇجەسسەمى دەپ چۈشىنىشتەك مەزمۇنلار كىرگەن.⑨

جۇڭگو يەن - تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخى بويىچە ئاتاقلىق ئالىم لى يۈسۇ (李约瑟) «جۇڭگونىڭ يەن - تېخنىكا تارىخى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغان: قاشتېشىنى سۆيۈشنى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. 3000 يىلدىن بېرى ئۇنىڭ سۈپىتى، ھالىتى ۋە رەڭگى بىردەك ئويمىكارلار، رەسساملار ۋە شائىرلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ كەلدى.⑩

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ۋە يازما ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ شۇنداق پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئارىسىدىكى ئالاقە قاشتېشى ئالماشتۇرۇلۇشتىن باشلانغان. شۇنداقلا قاشتېشى بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن.

شىنجاڭ قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا توشۇلۇپلا قالماستىن، بەلكى، غەربىي-شىمالىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا شەرق رايونىغا ھەم كەڭ توشۇلغان.

ياۋلىنخۇا 1933 - يىلى «يېڭى ئاسىيا» ژۇرنىلىنىڭ 6 - جىلد 5 - سانىدا ئېلان قىلغان «غەربىي شىمالنىڭ قاتناش تارىخى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا «بابىلون، سۈرىيىدىكى قەدىمكى خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان ماددىي بۇيۇملار ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەنلىرىمۇ بايقالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەرگىچە بايقالغان قاشتېشى جابدۇقلىرى دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن قاشتېشى ئىدى. ئۇ خوتەننىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»⑪ دەپ يازغان.

سوۋېت ئۆزبېكستان تارىخىدىن قارىغاندا، شىنجاڭ قاشتېشى مىلادىيىدىن 2000 يىل بۇرۇن ئۇ يەرلەردىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلانغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى س.ۋ. كىسىلېۋ ئەمەلىي تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن مۇنۇلارنى يازغان: «بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئاق قاشتېشى جۇڭگو بۇيۇمچىلىرىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئىشلىتىدىغان خام ماتېرىيالى.»

ئەنيانگدىن قېزىۋېلىنغان تېپىندىلار شۇنى ئىسپاتلايدىكى، جۇڭگودا قاشتېشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىش شاڭ دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، سىبىرىيە، ئۇرال دەريا ساھىلىغىمۇ قاشتېشى ئوخشاش ۋاقىتتا تارقالغان.

ئاق قاشتېشىنىڭ غەربكە تارقىلىشى شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدىكى، سەيما دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XIV — XII ئەسىرلەر) دە ۋولگا دەرياسى ۋە قاما دەريا ساھىلى، سىبىرىيە، بايقال كۆلى ھاۋزىسى جۇڭگونىڭ شىمالىي تەرەپلىرى

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۆزئارا ئالاقىدە بولغان.⑫

تارىخىي يېزىقلاردا ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ دەۋرىدىن ئىلگىرى پۈتۈن ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى قاشتېشى جابدۇقلىرى ئاساسىي جەھەتتىن شىنجاڭدىن كەلتۈرۈلگەن. كاۋكاز تاغلىرى ۋە ۋابولونوي (Vabnlonoi) تاغلىرىدىمۇ قاشتېشى چىقسىمۇ، ئەمما ئەينى چاغدا بۇ جايدىن قاشتېشى قېزىلغانلىقى توغرىلىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.⑬

بىز بۇ پاكىتلارغا ئاساسەن، شۇنى ئوتتۇرىغا قويىمىزكى، يىپەك يولىنىڭ ئەسلى ئاساسى «قاشتېشى يولى» بولۇپ، يىپەك يولى دەل تارىملىقلار تەرىپىدىن ئېچىلغان قاشتېشى يولىنى بويلاپ ئېچىلغان ۋە راۋاجلانغان. ئەنە شۇ «قاشتېشى يولى» كېيىنچە ماكرولۇق ھالدا خەلقئارادا ئومۇم نام بىلەن «يىپەك يولى» دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە بىز ياپونىيىلىك چاگزى خېجۇننىڭ مۇنۇ بىر ئابزاس سۆزىنى ئالاھىدە ئەسكە ئېلىپ ئۆتىمىز: «جۇڭگونىڭ يىن، جۇ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ، ئالتە سۇلالە دەۋرىگە قەدەر بولغان قەبرىلەردىن نۇرغۇن قاشتېشى بۇيۇملىرى قېزىۋېلىنغان، بۇنداق قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ چىققان ئورنىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىدىن كەلتۈرۈلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن. قەدىمكى زاماندا جۇڭگونىڭ قاشتېشىنى مۇنچىۋالا كۆپ مىقداردا كىرگۈزۈشىنى پەرەز قىلىش ناھايىتى مۇشكۈل. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بەزىلەر «يىپەك يولى» نى قاشتېشى يولى دەپ ئاتاشقان.»⑭

## III

شىنجاڭ ــ خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى تارىخىي نامى «غەربىي ئەل» (شىيۇ) — دۇنيا يول ـ قاتناش مۇساپىسىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن بىرى. شۇنداقلا يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنىدۇر.

قەدىمكى ياۋروپالىقلار يىپەكنىڭ شەرقتە ئىكەنلىكىنى بىلگەن، ئەمما، خېلى ئۇزۇنغىچە يىپەك ئېلىنىڭ كونكرېت جايىنى دەلىللىيەلمىگەنىدى. ئۇلار يىپەكنى «Seres»، يىپەك چىققان جاينى «سېرىس ئېلى» دېگەن. «Seres» دېگەن بۇ نامنى ئەڭ بۇرۇن گرېتسىيىلىك Ctesias (克泰夏斯) مىلادىيىدىن تۆت ئەسىر بۇرۇن تىلغا ئالغان.⑮ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرلەردە ياشىغان گرېتسىيىلىك شائىرلاردىن Vigile (维吉尔)، Horace (霍拉赛)، Properce (普罗佩塞) Oride (奥维德) قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىدا Seres نامىنى تىلغا ئالغان.⑯ ئۇلار بىلەن زامانداش جۇغراپىيەشۇناس Strabon (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى

58 - يىلدىن مىلادى 21 - يىلغىچە ياشىغان) «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابىدا بولسا بۇ ھەقتە سەل كۆپرەك مەلۇمات بەرگەن.[17] مىلادىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردىن مىلادى XIV ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن 90 دىن ئارتۇق غەرب ئاپتورىنىڭ ئەسەرىدە «Seres» دېگەن بۇ نام داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مىلادى II ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيىلىك جۇغراپىيەشۇناس پتولېمى (Ptolemee) يازغان «جۇغراپىيە» ناملىق كىتابتا قەدىمكى دەۋرگە خاس، بىر قەدەر مول ۋە ئېنىقراق خاتىرە قالدۇرۇلغان.[18] كېيىنكى ئالىملار غەرب ئاپتورلىرىنىڭ سېرىس ئېلىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى بايانلىرىنى تەكشۈرۈپ، دەلىللەپ چىقتى. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس گىئورگى كاۋدېس (George Coedes) (1886 — 1969) پتولېمى تىلغا ئالغان سېرىس ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان: «كىشىلەر ئېنىق كۆرۈۋالالايدۇكى (پتولېمى تىلغا ئالغان) Emaus تېغى — پامىر تېغى، Emoda تاغ تىزمىلىرى — ھىمالايا تېغى، Kasia تاغ تىزمىلىرى — قارا قۇرۇم تېغى، Auzakia تاغ تىزمىلىرى بولسا تەڭرى تاغلىرى، Oikhardes دەرياسىنىڭ ئۈچ ئېقىنى قەشقەر دەرياسى، يەركەن دەرياسى، خوتەن دەرياسىدىن ئىبارەت.»[19] گىلىڭ شىلىڭ سېرىس «... جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىنى كۆرسىتىدۇ.»[20] دەپ يازسا، چېن بوچۈەن «...سېرىس تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىچىدە، ...سېرىس سۇلى (قەشقەر) دۇر.»[21] دېگەن يەكۈننى چىقاردى. پروفېسسور سۈ بېيخەي ھەم بۇ توغرىلىق توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: (غەرب ئاپتورلىرى تەسۋىرلىگەن) «سېرىسنىڭ ئەتراپىدىكى يەر شەكىللىرى ۋە تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرلىرى سۇلى (قەشقەر) نىڭ غەربىدىكى تەڭرى تېغى، پامىر ۋە قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ تەسۋىرىدىن ئىبارەت. بىراق ئىسىملاردا ئازراق پەرقلەر مەۋجۇت. پتولېمى سېرىس دۆلىتىنىڭ ئىچىدىكى 10 دىن كۆپرەك شەھەرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان. بۇ 〈ۋېي ئەستەلىكلىرى. غەربىي روڭلار تەزكىرىسى (魏略西戎传)〉 دە خاتىرىلەنگەن. 〈قارام بەگلىكلەر 10 غا يېتىدۇ.〉 دېگەن خاتىرىگە ھەم كېيىنچە 〈ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى (魏书西域传)〉 دە خاتىرىلەنگەن 〈چوڭ شەھەرلىرى 12، كىچىك شەھەرلىرى 10〉 دېگەن خاتىرىلەر بىلەن بىردەك.»[22] چېن بوچۈەن سېرىس ھەققىدىكى مۇجمەل قاراشلارنى تۈزىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «قەدىمكى غەرب ماتېرىياللىرىدا تەسۋىرلەنگەن ئەھۋالغا قارىغاندا، سېرىس دەل جۇڭگونى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى جۇڭگو ھىندىستان بىلەن Scythians (西梯亚人) نىڭ ئارىلىقىدا ئەمەس. تۆت ئەتراپىنى ئېگىز تاغلار قورشاپ تۇرمايدۇ. باكتىرىيە (大夏) ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئەمەس. جۇڭگولۇقلارنىڭ چېچى قىزىل، كۆزى كۆك ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئەينى چاغدا غەربلىكلەر جۇڭگونى باشقا ئىسىم... بىلەن ئاتايتتى. ... پاكىتلاردىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، سېرىس سۇلى (قەشقەر)

دۇر.»[23]

شىنجاڭ ھەم يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ خىزمەت قىلغان ھەم يىپەكچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. تارىخىي كىتابلاردا «خوتەن ئېلىدە پىلىچىلىك قەدىمدىن تارتىپ ناھايىتى راۋاجلانغان. ھەممىلا يەرگە قارىسا ئۈجمە دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن. ئۈجمە، خوتەننىڭ پەۋقۇلئاددە ئالاھىدە ئۆسۈملۈكى بولۇپ، ئەڭ مۇقەددەم پىلىچىلىك تەرەققىياتىنىڭ قورغانىدۇر.»[24] دېيىلىدۇ.

«كېيىنكى خەننامە، غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە: «ئۇسۇرغول (قۇمۇل) دېگەن يەردە ئاشلىق زىرائەتلىرى، ئۈجمە، كەندىر ۋە تال ئۆزۈم تېرىلىدىكەن.» دەپ يېزىلغان. «شىمالىي خانلىقلار تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە «قوچۇ (تۇرپان) ...پىلە بېقىشقىمۇ لايىق» دېيىلگەن. «ۋېي خانلىقى تارىخى. غەربىي ئەللەر تەزكىرىسى» دە سۇلى (قەشقەر) دە «كىمخاب — دۇردۇن ئىشلىنىدۇ.» دېيىلگەن. «تاڭنامە 221 - جىلد. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە ئۇدۇن (خوتەن) خەلقى «توقۇمىچىلىق قىلىدۇ. ئاستانە ئوبلاستىي ئېچكىرى ئۆلكىلەرنى يىپەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.» دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن شەرقىي جىن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىشلەنگەن يىپەك، پاختىلار تېپىلدى. تۇرپاندىن جىن خانلىقىغا توغرا كېلىدىغان قەۋرىدىن چىققان يازما ھۆججەتتە «كۇچا كىمخابى» دېگەن سۆز يېزىلغان. قۇچۇ خانى چۈۋېنتەي خانلىقىدىكى قەۋرىستانلىقتىن يىپەك بىلەن پاختا يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان گىئومېترىك سىزىقلىق كىمخاب تېپىلغان. دېمەك مىلادى IV ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدە يىپەك بىلەن پاختىنى ئارىلاشتۇرۇپ رەخت توقۇش ئىجاد قىلىنغان.

يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر ئاگرونومى لۇمىڭشەن (魯明善) «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك قوللانمىسى» (农桑衣食撮要) دېگەن كىتابىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىڭ پىلە بېقىشتىكى مۇھىم تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپلا قالماستىن، بەلكى شىنجاڭدىكى ئۈجمە يېتىشتۈرۈش، پىلە بېقىش تەجرىبىلىرىمۇ يەكۈنلەنگەن ۋە ئېلىمىزنىڭ پىلىچىلىك تېخنىكىسىغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلغان.

پروفېسسور سۇ بېيخەي مۇنداق يازغان: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي ئەلدە كىشىلەر بەكمۇ ياقتۇرىدىغان يىپەك توقۇلمىلار كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلغان. بەش دەۋرگە كەلگەندە غەربىي ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن يىپەك رەختلىرىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا داڭقى چىققان دۇردۇن، ئۇيغۇر كىمخابى، غەرب كىمخابى، ئاقسۇ شايىسى قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. يۈەن دەۋرىدە شىنجاڭدىكى زەرباب، تاۋار تولىمۇ ئەتىۋارلىق ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك

توقۇلمىلار جەھەتتىكى مۇھىم ئىجادىيىتى ۋە تۆھپىسى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىدەمىيىسىگە ئېرىشكەن ھەم خەلقئارا بازاردا سېتىلىپ ئېلىمىزنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرىغا يېڭى شان - شەرەپ كەلتۈرگەن.»[25]

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، شىنجاڭدا يىپەكچىلىكنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك يازما ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار بولمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، قەدىمكى غەرب ئاپتورلىرى شىنجاڭنى «يىپەك ئېلى» دەپ چۈشەنگەن ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن.

دېمەك، «سېرىسلار ئېلى» (گرېكچە لۇغەت مەنىسى — «يىپەك ئېلى») توغرىسىدا دۇنيا ئالىملىرىنىڭ يۇقىرىدا بەرگەن مەلۇماتى تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن. مەيلى جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن بولسۇن، مەيلى سېرىسلار ئېلىدە ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تەسۋىرىي سۈرىتىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك بەلگىلەر جەھەتتىن بولسۇن قەدىمكى مەنبەلەردە كۆپ زىكرى قىلىنغان «سېرىسلار ئېلى» شەك - شۈبھىسىزكى، سۇلى (قەشقەر) نى مەركەز قىلغان ھالدا يەركەند ۋە ئۇدۇن (خوتەن) نى كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە، قەدىمكى سۇلى ۋە ئۇدۇن بەگلىكلىرى تارىخىي يوسۇندا جۇڭگوغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن كەڭ مەنىدە «سېرىس» جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشنىمۇ خاتا دېگىلى بولمايدۇ.

يۇقىرىدا خوتەننىڭ يىپەكچىلىكتە باشقا رايونلارغا قارىغاندا ئەڭ پېشقەدەم ئىكەنلىكى ۋە بۇ ئەنئەنىنىڭ تارىخىي يوسۇندا ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىنى قىسقىچە كۆرسەتتۇق. يىپەككە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرما تەتقىقات نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى جۇڭگو (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) يىپەكلىرى بىلەن خوتەن يىپەكلىرىنىڭ گۈل چىقىرىش ئالاھىدىلىكلىرىدە مۇئەييەن پەرق بولغانلىقى مەلۇم. ئالايلۇق، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك يىپەكلىرىدە ئۆرۈش يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان بولسا، خوتەن يىپەكلىرىدە ئارقاق يىپ ئارقىلىق گۈل چىقىرىلغان. «بىرونزا دەۋرى» (مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 — 1000 يىللار ئۆپچۆرىسى) گە تەئەللۇق شىنجاڭ كۆنچى دەرياسى بويىدىكى ئۆدەكلىك (گۇموگو) قەۋرىستانلىقى، خوشۇت سىنتراين ئېزى، قۇمۇل قارا دۆۋە سۇ ئامبىرى يېنىدىكى قەۋرىستانلىق، تۇرپان قاراغوجا ئېزى قاتارلىق خارابىلەردىن تېپىلغان يۇڭ ۋە يىپەك رەختلەر يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن.

ياپونىيىلىك چاڭزى خېجون ئەپەندى يىپەك يولىنىڭ ئىنسانلار تارىخىدىكى رولىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

بىرىنچى، يىپەك يولى ياۋروپا - ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ قان تومۇرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيا تارىخى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئوقىدۇر.

ئىككىنچى، يىپەك يولى دۇنيانىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت ئانىسىدۇر.

ئۈچىنچى، يىپەك يولى — شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كۆۋرۈكىدۇر.⑳

بۇ ئۈچ نۇقتىنى مۇۋاپىق باھا دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. دەرۋەقە، شىنجاڭ-نىڭ يىپەك يولى مەدەنىيەت سەھنىسىدىكى شانلىق تارىخى تۆھپىلىرىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىلارنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شىنجاڭلىقلارنىڭ ئەجدادلىرى كونا ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ يىپەك يولىنى مەدەنىيەت ئوق مەركىزى قىلغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىجادكارلىقىغا تايىنىپ، ھەمدە شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، قىممەتلىك ۋە شانلىق مەدەنىيەت يارىتىپ، دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس ھەسسە قوشتى.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى بەدىئىي، گۈزەل سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى يىپەك يولى مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە ئېچىلغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر دەستە گۈل.

قىياتاش سىزمىلىرى ئۇزۇندىن بېرى شىنجاڭنىڭ كۆپ جايلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن بايقىلىۋاتىدۇ. قۇتۇبى ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان تەڭرىتاغ ئىچىدىكى قىزىلتاش (康家石门子) دېگەن يەردىكى قىياتاش سىزمىلىرى بۇ جەھەتتە دىققەتكە سازاۋەر. بۇ يەردىكى قىياتاش يۈزىدە يۈزلىگەن ئۇسسۇلچىلار ئوبرازى رېتىملىك نامايەن قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەز-گىلىدىكى جىنسىي تېۋىنىش ئادىتىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ قىياتاش رەسىملىرى ئۈستىدە سىلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاڭ بىڭخۇا (王炳华) مۇنداق ھېسابلىغان: «بىز ئۇچراتقان ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ تېپىمدىكى شۇنچىۋالا زور كۆلەملىك تاش ئويما رەسىملەرنى ھەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم بايقىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ جىنسىي ئەزاغا تېۋىنىش ھەققىدىكى رەسىملەردىن تېخىچە مۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈشلۈك رەسىملەر توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات يولۇقتۇرمىدۇق.»㉗ ھازىرقى قاراش بويىچە، ئادەمنىڭ يالىڭاچ سۈرىتىنى سىزىش

سەنئىتىنى كىشىلەر ئومۇمەن گرېك، ئويمىكارلىق سەنئىتىگە مەنسۇپ، دەپ ھېسابلايدۇ. دەرۋەقە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردىن بۇرۇن گرېكلاردا ئەرلەرنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزىش ۋە ئويۇش ئۇسلۇبى بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزمىغان. دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا بولسا شىنجاڭلىقلار ئارىسىدا ئەر ۋە ئاياللارنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى سىزىش ۋە قىيا تاشلارغا ئويۇش كەڭ ئومۇملاشقان. شىنجاڭنىڭ چاغانتوقاي ناھىيىسى، مىچۈەن ناھىيىسى، مايتاغ رايونى ۋە قۇتۇبى ناھىيىسى قىزىلتاشتىكى جىنسىي تېۋىنىشقا دائىر قىياتاش سىزمىلىرى بۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر.

شىنجاڭنىڭ بۇنداق قىيا تاش ئويمىكارلىق سەنئىتى يىپەك يولىنى بويلاپ، بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشى بىلەن، بۇددىزم سەنئىتىگە يېڭى مەزمۇن ۋە ھۆسۇن قوشتى. بىز بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئالدى بىلەن كۇچا، باي مىڭئۆيلىرىدىكى تام سىزمىلىرىدىن ئۇچرىتىمىز. «كۆسەن (كۇچا) تام رەسىملىرى بۇددا دىنىنىڭ كىرىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە بۇددا دىنىغا ئائىت نەرسىلەر. لېكىن، ئىستېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بۇددا مەدەنىيىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن. ئۇ كۆسەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ھاياتى ۋە ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى.[28]

شىنجاڭ ئۆز نەۋبىتىدە. دۇنيادىكى قەدىمكى دىنلار ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە ئۇچراشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھال ئېلىمىزنىڭ سەلتەنەتلىك دىن تارىخىغا مول مەزمۇن ئېلىپ كەلدى. جى شەنلىن (季善林) ئەپەندى بۇ خىل ئەھۋالنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «... دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن — ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنلىرى شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، جۇڭگو بىلەن باشقا دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشتا، شىنجاڭ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيالغا ئىگە.»[29]

شىنجاڭنىڭ يىپەك يولىنى ئۆزەك قىلغان مەدەنىيەت سەھىپىسىدە يەنە، تىل-يېزىق ۋە مەدەنىيەت — سەنئەتنىڭ تۇتقان ئورنى ئوخشاشلا سالماق ۋە چوڭ. جى شەنلىنىڭ ئەپەندىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھەر خىل تىللار، يەنى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام تىل سىستېمىسىدىكى تىللار»[30]، شۇنداقلا ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تىللار شىنجاڭدا ئۇچراشقان. بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايلاردا تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات سەنئەت ئىنسانىيەت مەدەنىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى. يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ تۈگۈنى دېيىشكە ئەرزىيدىغان شىنجاڭنىڭ جاھانغا مەشھۇر

ئەدەبىيات - سەنئىتى ئىچىدە بوستانلىق يولىنىڭ تارىخىي ھەيدالىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى ئۆزىنىڭ قەدىمىلىكى، مول‌لىقى، رەڭمۇ-رەڭلىكى، قېرىنداش خەلقلەر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرىنىڭ كەڭلىكى، ئىنتېرناتسىيونالىزملىق خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلىكى قاتارلىق ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن يىپەككە بېسىلغان جەزبىدار گۈللىرىدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مانا شۇنداق يىراق مەنبەلىك ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىدە مىفولوگىيە دەۋرىگە خاس ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن تاشقىرى، ئورخۇن مەڭگۇ تاشلىرى ئەدەبىياتى، قوچۇ (تۇرپان) بۇددا، مانى شېئىر - قوشاقلىرى، قاراخانىي دەۋر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ «ئىككىنچى ئارىستو تىلى» — ئەبۇ نەسىر فارابى (مىلادى 870 — 950 - يىللار) نىڭ ئەسەرلىرى، جۇڭگو كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى يىرىك ئېنسىكلوپېدىك داستان «قۇتادغۇبىلىك» (يۈسۈپ خاس ھاجىپ)، ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىللارنىڭ تۇنجى سېلىشتۇرما قامۇسى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (مەھمۇد قەشقەرى)، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» (ئەھمەد يۈكنەكى XII — XIII ئەسىر)، دەسلەپكى چاغاتاي دەۋرى ئەدەبىياتى (رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ئەسىرى، لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ئەسەرلىرى) ۋە بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئالەمشۇمۇل چوققىسى ھېسابلانغان ئەلشىر ناۋايى (XIV — XV ئەسىر) ئەسەرلىرى، يەركەن خانلىقى دەۋرىگە تەئەللۇق سەئىدى، رەشىدى، قىدىرى، نەفسى (ئامانىسا)، ئايازى، مىرزا ھەيدەر، مەھمۇد جاراس قاتارلىقلارنىڭ شېئىرى دىۋانلىرى ۋە تارىخىي قىسسەلىرى، يىپەك يولى ئارقىلىق تەسىرى دۇنياغا يېيىلغان ئۇيغۇر «12 مۇقام» ھادىسىسى ۋە دۇنياۋى ئوبراز نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى قاتارلىق مەشھۇر ئۈلگىلەر ھەم ئۆزىگە خاس ئورگىناللىقى بىلەن ھەم خەلقئارا «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەنلىكى بىلەن ئالەمگە مەشھۇردۇر.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى شۇكى، «يىپەك يولى» خاسىيىتى بىلەن شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ ئەينى ۋاقىتتىكى تاڭ دەۋر مەدەنىيىتى تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ھەسسە قوشقان نۇرغۇن ئوقۇمۇشلۇق ئەرباپلار ئۆتكەن. ئۇلاردىن بىيۈك بۇددا ئالىمى كۇسەنلىك كۇماراجىۋا (مىلادى 344 — 413 - يىللار)، قەشقەرلىق بۇددا ئالىمى خۇيلان ۋە فورتىدىك (彿图澄) ئاتاقلىق مۇزىكىشۇناس سۇجوپ (苏祗婆)، رەسسام ۋىسباراسانگا (尉迟乙僧) قاتارلىقلار ۋە يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئالىملاردىن تىلشۇناس ۋە پىداگوگ تاتاتوڭا، يۈەن سۇلالىسى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئارغۇن سارىق، قوبلاينىڭ باش ۋەزىرى لىيەن شىشەن، تەرجىمان ئەنزاڭ، يېزا ئىگىلىك ئالىمى لۇمىڭشەن، تارىخشۇناس لىيەن خۇيشەن قىيا، گېنېرال چاغان تۆمۈر (察汉帖木尔)، ئارىق قىيا (阿里海牙)، ئەدىبلەردىن سەيدۇللا (萨都拉)، سەۋىنچ قىيا، (گۇەن يۈنشى)، مازۇچاڭ

لى يشەن قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ.

دېمەك، شىنجاڭلىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇنىڭ «يىپەك يولى» نىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئاساسلىق غول لىنىيىدە ياشىغان ئاتا - بوۋىلىرى ئۇزاق ۋە پەۋقۇلئاددە تارىخىي مۇھىت ئىچىدە مول، رەڭدار ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ياراتقان. بۇلارنىڭ ھەممىسى «يىپەك يولى» دىكى قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، بۇنداق ئېسىل خەزىنە بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ «يىپەك يولى» دا تۇتقان ئورنىنى ھەمدە «يىپەك يولى» نىڭ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى رولىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

## ئىزاھاتلار

① كارل ماركس: «كاپىتال». III توم.

②⑤ «ئۇلۇغ يىپەك يولى». «西北史地» ژۇرنىلى. 1987 - يىل 2 - سان، 103 - بەت.

③④ چاڭزى خېجۇن (ياپونىيىلىك): «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى. ئۇيغۇرچە. 1988 - يىل 3 - سان.

⑥⑦ لوشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى خەۋىرى»، 1989 - يىل، 8 - سان، خەنزۇچە.

⑧ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1990 - يىل، 1 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانى.

⑨ يىن جېنچياڭ: «ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى قاشتېشىنى سۆيۈشتەك پەۋقۇلئاددە پەزىلىتى ھەققىدە». «文史知识» ژۇرنىلى، 1988 - يىل 5 - سان.

⑩⑪⑭ لوشاۋۋېن: «شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىقى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر خەۋىرى»، 1989 - يىل 8 - سان.

⑫ س. ۋ. كىسلېۋ: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئىچكى مەتبەدە باستۇرغان، خەنزۇچە. 1981 - يىل، 1 - قىسىم، 71 - بەت.

⑮㉖ چاڭزى خېجۇن: «يىپەك يولى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1988 - يىل، 3 - سان.

⑯⑰⑱⑲⑳ George Coedes: «گرېك، لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ يىراق شەرق ھەققىدىكى خاتىرىلىرىدىن ئۈزۈندە».

(«希腊拉丁作家远东文献辑录»)

جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1987 - يىل، 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 32 -، 33 - ۋە «مۇقەددىمە» 21 - 22 - بەتلەر.

⑳ كىماڭ شىماڭ: «قەدىمكى گرېك، رىملىقلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى سېرىسلىقلار» «西北史地» ژۇرنىلى، 1987 - يىل، 2 - سان، 26 - بەت.

㉑㉓ چېن بوچۈەن: «Seres ھەققىدە»، «غەربىي ئەل تارىخ مەجمۇئەسى» I توپلام، 154 - 155 - بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1985 - يىل.

㉒ سۇبىيخەي: «سولى نامى ھەققىدە تەتقىقات» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، خەنزۇچە، 1984 - يىل 3 - سان.

㉔ ئە. رىشىت: «سەنپۇلا قەدىمكى قەۋرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1985 - يىل 1 - سان، 142 - بەت.

㉕ سۇبىيخەي: «خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىپەك يولى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1981 - يىل 1 - سان.

㉗ ۋاڭ بىڭخۇا: «قوتۇبى ناھىيە قىزىلتاش - كاڭجياشىمېنزىدىكى تاشقا چېكىلگەن جىنسىي چوقۇنۇش رەسىملىرى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1989 - يىل، 1 - 2 - سان.

㉘ جۇ بىڭرولى: كۆسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1985 - يىل 2 - سان، 117 -، 118 - بەتلەر.

㉙㉚ جى شيەنلىن: «توخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1980 - يىل، تۇنجى سان.

# مەلىكە ئاسىنا ۋە غەربىي دىيار سەنئىتى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

قىسقىچە مەزمۇنى: مەلىكە ئاسىنا غەربىي دىيار سەنئىتى ۋە سەنئەتلەشكەن ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى چاڭئەنگە ئېلىپ كىرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەردىن بىرى. مەشھۇر كۈسەن كۇيشۇناسى سۇجۇپ مەلىكە ئاسىنا بىلەن بىللە چاڭئەنگە كىرگەن. ئۇيغۇر نورۇز بايرىمى — سۇمۇز پائالىيىتى مەلىكە ئاسىنا چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن ئوتتۇرا دىياردا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. بىر قاتار مەشھۇر توققۇز چاۋۇپ مۇزىكا ماھىرلىرىمۇ مەلىكە ئاسىنا پائالىيەتلىرىدە ئالاقىدار بولغان. ۋەھالەنكى، مەلىكە ئاسىنا ھەققىدە ھازىرغىچە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر ئېلىپ بېرىلمىدى.

## 1

ئېلىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سەنئەت مەدەنىيىتى تارىخىدا ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان مەشھۇر تارىخىي شەخسلەردىن بىرى شىمالىي جۇ (557 — 581 - يىللار) سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۈرك خانلىقى مەلىكىسى ئاسىنا بىكەدىن ئىبارەت. كۆپلىگەن تارىخىي مەنبەلەردە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق نەزەردە ئاسىنا بىكە (528 — 582) نىڭ غەربىي دىيار سەنئىتى ۋە سەنئەتلەشكەن ئىچكىرىنىڭ مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى چاڭئەن ۋە ئوتتۇرا دىيارغا تونۇشتۇرغانلىقىنى تىلغا ئالغان.① ۋەھالەنكى، مەلىكە ئاسىنا توغرىسىدا ھازىرغىچە تېخى بىرەر ئىلمىي ماقالە ۋە ياكى قامۇس ماددىلىرى يېزىلمىغان.

مەلىكە ئاسىنا ياشىغان زامان ئېلىمىز تارىخىدىكى شىمالىي — جەنۇبىي سۇلالىلار

① «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «جۇ نامە»، 9 - جىلد، 23 - جىلد، «جىلىق خاتىرىلىرى»، «سۈي نامە. كۆكتۈرك تەزكىرىسى»، «سۈي نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «ئومۇمىي قامۇس»، 146 - جىلد، «قىسقىچە قامۇس نامە»، «ئومۇم ئاتىمە نامە»، «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانى»، «كىتاب مۇنەسسەنىڭ ئەسلى پۈتۈكلىرى»، 567 - جىلد، 470 - جىلد، «باشقۇرۇش ئومۇم ئاتىمە نامىسى»، «قاش نامە»، 108 - جىلد قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

زامانىسى بولۇپ، ئۆزىگە خاس مۇرەككەپ تارىخىي ئالامەتلەر بىلەن تولغان.

شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلەر (420 — 581)① دەۋرى ئېلىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك تارىخىي ئېۋولىيۇتسىيە مەزگىلىنى تەشكىل قىلغان. ئالدى «16 پادىشاھلىق» (317 — 420) دەۋرىگە ۋە ئاخىرى سۈي - تاڭ سۇلالىلىرى (581 — 907) دەۋرىگە تۇتاشقان بۇ تارىخىي مەزگىلدە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا خۇاڭخې ۋادىسىنى بويلاپ خەن مىللىتى بىلەن سىيانپى، تۇقبات، قالدۇق ھون ۋە ئاۋار مىللەتلىرىنىڭ چوڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن شەرق - غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ كاتتا ئۇچرىشىشىدىن ئىبارەت ئىككى غايەت زور تارىخىي جەريان يۈز بېرىپ ئۆتتى. ۋەھالەنكى، شەكلەن ئاز سانلىق مىللەت پارچە ھاكىمىيەتچىلىكى تەرىزىدە يۈز بەرگەن بۇ «ئىككىنچى قېتىملىق» «چۈنچيۇ — جەنگو» دەۋرى ئىجابىي ۋە پايدىلىق ئېتىۋاردىن ساقىت قىلىنىپ، يېتەرلىك يورۇتۇلمىدى ۋە باھالانمىدى. مېنىڭچە شىمالىي — جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەم) مەيدانغا چىققان بۇ ئىككى تارىخىي جەريان يۈز بەرمىگەندە ئىدى، جۇڭگونى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن سۈي — تاڭ سۇلالىلىرى ۋە ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزدىن ھالقىپ چىقىپ ئالەمشۇمۇل تارىخىي قىممەت ياراتقان شۆھرەتلىك مەدەنىيىتىنى بۇ قەدەر تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن بولغان بولاتتى. سۈي — تاڭ مەدەنىيىتىدىن ئىپتىخارلىنىدىغان ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر، سۈي - تاڭ مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغان بۇ تارىخىي ھادىسىلەرنىڭ ۋەتەننى بىرلەشتۈرۈشتە، ئۇنىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن، ئىناق، كۆپ قىرلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئاساس سالغانلىقىنى ئېتىۋاردىن چەتنەشتۈرمەسلىكى لازىم.

دەر ھەقىقەت، شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى ھەرقايسى سۇلالىلەر دۆلەتنى ئۆزلىرى رىياسەتچىلىكىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شىمال-جەنۇب، شەرق - غەرب كارۋان سودىسىنى كۈچەيتتى؛ بۇددىزم غايىلىرىدا پۈتۈن مەملىكەتنى تىزگىنلەش ئۈچۈن بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە-شەرھى قىلىش، بۇددا تاشكېمىرلىرى ۋە ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇش جەھەتتە «16 پادىشاھلىق»، بولۇپمۇ ئالدىنقى-كېيىنكى لياڭ، ئالدىنقى-كېيىنكى چىنڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىزچىللاشتۇردى؛ كۆچما ئەلنەغمىسىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيار سەنئەت مەدەنىيىتىنى كۆپلەپ قوبۇل قىلدى؛ كىيىنىشى، ئات مىنىشى، تاماق ۋە ئايەم شەكىللىرىدىمۇ غەربىي دىيار ئېتنىك مەدەنىيىتىدىن كۆپلەپ ئوزۇق قوبۇل قىلدى. بۇ ھال ئېلىمىزنى سۈي — تاڭ سۇلالىلىرىدىن ئىلگىرىكى قىياپەتتىن «جاھانساز» (دۇنيا كۆرگەن)، «ئالەم پەرۋاز»

① بەزى تەتقىقاتچىلار شىمالىي - جەنۇبىي سۇلالىلارنى شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان يىلى (دېڭگونىڭ 1 - يىلى) 386 - يىلىدىن ھېسابلايدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار جەنۇبدىكى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغان يىلى (يۇڭچۇنىڭ 1 - يىلى) 420 - يىلىدىن ھېسابلايدۇ. بۇ شىمالىي — جەنۇبىي سۇلالىلارنى ئۆلچەم قىلىشتىكى قاراش پەرقلىرىنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

(دۇنياغا يۈزلەنگەن) جۇڭگو سۈيتىدە، شەرقىي ئاسىيادا شۆھرەت چوققىسىغا مۇيەسسەر قىلدى. مىللىي مەدەنىيەت ئاساسىدىكى سىڭدۈرۈش، مۇۋەپپەقىيەت دۇلدۇلىغا مىنگەن سۈي — تاڭ سۇلالىرى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇتتۇرا ئەسىردىكى ئېپتىخارلىق سەھىپىسىنى ياراتتى.

دەل دۇشۇ دەۋردە غەربىي دىياردا تېلى — ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرى كۈچەيدى. خۇددى خۇاڭخې ۋادىسىدا خەنزۇلىشىش جەريانى يۈز بېرىپ ئۆتكەندەك، شىمالىي — جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدىلا ئىلگىرىكى ئوخشىمىغان ئۇرۇغلىرى ۋە كۆپلەپ يۆتكۈلۈپ كەلگەن تېلى - ئۇيغۇر - ئېگىز ھارۋىلىقلار ئاساسىدا ئۇيغۇرلىشىش غەربىي دىياردىكى كۆرۈنەرلىك تارىخىي ھادىسە بولۇپ قالدى. «شىمالىي سۇلالىلار تارىخى»، «سۈي نامە». قوجۇ تەزكىرىسى» دە قوجۇدىكى خەنزۇ ئەۋلادلىرىنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، مەكتەپلەردە «خۇ» (ئۇيغۇر) تىلىدا ئوقۇش ئەھۋالى روشەن تىلغا ئېلىنغان. مەلىكە گۈلتېيۈز (خۇارۇك) ئۇيغۇر تىلى شارائىتىدا قوجۇغا ياتلىق قىلىنغان. بۇ جەريانغا كېيىنچە «توققۇز چاۋۇپ» ئىبارىسىنى «ئۇيغۇر» نامىغا قوشۇپ، «توققۇز چاۋۇپ ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان ۋە لوپنۇر، قوجۇ، ئالتە سۇ (ئوردوس) تەرەپتىكى مانى سوغدىلىرىمۇ قوشۇلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، ئەگەر قوجۇ قاتارلىق غەربىي دىيار زېمىنىدا ئۇيغۇرلىشىش جەريانى يۈز بەرمىگەن بولسا، قۇدرەتلىك كۆكتۈرك خانلىقىنى غۇلىتىپ، ئورنىغا ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ تىكلىنىشى ۋە خەتەردىن قۇتۇلالمىغان يىپەك يولىنى شىمالىي بويلاپ چاڭئەنگە تۇتاشتۇرغان «ئۇيغۇر يولى» نىڭ ئېچىلىشى مۇنچە ئوڭۇشلۇق بولمىغان بولاتتى. ئۇيغۇرلار ئاسىيا ئالىپ قاغان كۆكتۈرك قوشۇنلىرىنى ئورخۇن بويىدا ئەمەس، دەل تەڭرى تاغلىرى ئېتىكىدە تارىخىي خاراكتېرلىك ھالسىزلاندۇرۇپ ئۇچار قىلغانىدى. غەربىي دىيار مۇزىكا، تېبابەتچىلىك، ئۇسسۇل سەنئىتى، تىبابەتچىلىك ۋە فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ سۈي — تاڭ سۇلالىرى دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە لوياڭلاردىكى كەڭ تارقىلىشىنى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلاشقان غەربىي دىيار ئاھالىلىرى ئىلگىرى سۈردى.

2

شىمالىي سۇلالىلاردىن شىمالىي ۋېي (386 — 534) سۇلالىسىنىڭ ئورنىغا شەرقىي ۋېي (534 — 550) ۋە غەربىي ۋېي (534 — 557) سۇلالىرى مەيدانغا كەلدى. شەرقىي ۋېي سۇلالىسىنى شىمالىي چى (550 — 577) سۇلالىسى مۇنقەرز قىلدى. غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى شىمالىي جۇ (557 — 581) مۇنقەرز قىلدى. شىمالىي جۇ 577 - يىلى شىمالىي چى سۇلالىسىنى ئۆزىگە قوشۇپ ئېلىپ، سۈي سۇلالىسىنىڭ

مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئاساس ياراتتى.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان كۆكتۈرك خانلىقى ئېل قاغان تۇمىن باشچىلىقىدا سيانپىلارنى يېڭىپ تېز ئىلگىرىلىدى. تۇمىن قاغاننىڭ ئوغلى موغان قاغان (553 — 572) ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 20 يىل ئىچىدە شەرقتە ئاۋارلارنى، غەربتە ئېفتالىت (ئاق ھون) لارنى تارمار قىلدى. ئۇ يۇلتۇزدىن مىڭ بۇلاقىچە بارگاھ يۆتكەپ تۇرغان غەربىي تۈرك يابغۇسى، تاغىسى ئىستېمىخان بىلەن بىللە ساسانىلار شاھى خۇسراۋ نۇشىرۋان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئېفتالىتلارنى مۇنقەرز قىلدى (562-يىلى)، كېيىن شەرقىي رىم ئىمپېراتورى يۇستىنيان II بىلەن بىرلىشىپ ساسانىلارغا قارشى جەڭلەر ئېلىپ باردى. كۆكتۈركلەر ئىلگىرى ھاكىمىيىتى سيانپى خانلىرى ئەۋلادلىرى — شىمالىي چى ۋە شىمالىي جۇ سۇلالىرىنىمۇ تىزگىنلەش سىياسىتىنى ئىشقا سالغانىدى. بۇ بىر قاتار جەڭلەردە چاڭئەندىن شەرقىي رىمغىچە بولغان يىپەك سودىسىنىڭ مونوپولىيە ھوقۇقى غايەت زور ئورۇن تۇتقانىدى.

شىمالىي جۇ سۇلالىسى تۇنجى شاھى شاۋمىندى (تولۇن) غەربىي ۋېي سۇلالىسىنى غولاتقاندىن كېيىن، ھاكىمىيەتكە چىققان يىلىلا بىر نەۋرە ئىنىسى يۈۋېن خۇ تەرىپىدىن زەھەردە ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئىنىسى مىڭدى يۈۋېن يۈنى تىكلىدى. ئانچە ئۆتمەي ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا يەنە بىر ئىنىسى يۈۋېن يۈڭ (543 — 578) قويۇلدى. بۇ شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاساسىي پادىشاھسى جۇ ئۇدى (560 — 578) ئىدى. جۇ ئۇدى 572-يىلى ھاكىمىيەتنى تىزگىنلەپ كۆڭگەن يۈۋېن خۇنى يوقاتتى، يەنە 5 يىل ئۆتكەندە شىمالىي چى سۇلالىسىنىمۇ مۇنقەرز قىلدى. جۇ ئۇدى شىمالىي چى سۇلالىسى تەھلىكىسى ۋە ئىچكى سۇيىقەست تەھدىتى ئاستىدا 563-يىلى (باۋدىڭنىڭ 3-يىلى)① باش بەگ يالڭ جەن، سۇلتانات قوشۇن بېگى، تەيىيۇەن ۋاڭى چىنڭ ۋاڭ باشچىلىقىدا موغانخان ئالدىغا سوغىلار بىلەن مەلىكە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇنى ئاڭلىغان شىمالىي چى خانى گاۋزەن (561 — 564) جىددىيلىشىپ، بىر تەرەپتىن سېپىل سوقتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن قىممەت سوغىلار بىلەن موغانخان ئالدىغا مەلىكە سوراشقا كىشى ئەۋەتتى. ئادەتتىن ئارتۇق بۇ قىممەت سوغا موغانخاننى ئىككىلەندۈرۈپ قويدى. موغانخاننىڭ ئاتىسى تۇمىن قاغان 551-يىلى غەربىي ۋېي سۇلالىسىدىن چاڭلىو مەلىكىسىگە ئۆيلەنگەنىدى. جۇ ئۇدى ئەۋەتكەن باش بەگ يالڭ جەن سۆزمەندى. ئۇ موغانخاننى قايىل قىلغاندىن كېيىن، مەلىكە ئاسىنا بىكەنىي سيانپى مىللىتىدىن بولغان جۇ ئۇدى — يۈۋېن يۈڭگە ياتلىق قىلىش قارارىغا كەلدى. بىراق بۇ ئەلچىلەر مەلىكىنى ئېلىپ كېتەلمىدى. «جۇ نامە»،

① «قىسقىچە قامۇسنامە» دە باۋدىڭنىڭ 2-يىلى دېيىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

9-جىلد، «ئۇدى پادىشاھ تەپسىلاتى» دا يېزىلىشىچە، باۋدىڭنىڭ 5-يىلى (565-يىلى) 2-ئايدا، چىڭ گوگۇڭچۇن قاتارلىق 200 كىشى مەلىكە تەكلىپ قىلىپ موغانخان بارگاھىغا كېلىشتى. بۇ چاغدا خاننىڭ ئۆز قىزىنى جۇ ئۇدىغا ياتلىق قىلىش خاھىشى سۇسلىشىپ قالغانىدى. كۈتۈلمىگەندە بىر ھەپتە گۈلدۈرمامىلىق بوران چىقىپ، خاننىڭ بارگاھىنى چۇۋۇپ تاشلىدى. بۇ ھادىسە تەبىئەت ئىلاھچىلىقىغا ئېتىقاد قىلىدىغان موغانخاننىڭ ئاسىنا بېكىنى جۇ ئۇدىغا ياتلىق قىلىش نىيىتىگە كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ موغانخاننىڭ جۇ سۇلالىسىغا بولغان يېقىنلىقىنى كۈچەيتتى. دېگەندەك 563-564-يىللىرى موغانخان جۇ ئۇدى بىلەن بىرلىشىپ چى سۇلالىسىنىڭ گاۋزەن پادىشاھىنى غولاتتى. ئورنىغا گاۋۋى (565—575) ھاكىمىيەتكە چىقتى. شىمالىي جۇ سۇلالىسى كېيىنچە چەنجىڭ مەلىكىنى موغانخانغا ياتلىق قىلدى. موغانخان 20 يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇپ، 572-يىلى (جيەندېنىڭ 1-يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ۋەقەلەر «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا 552—583-يىللاردىكى نەتىجىلەر ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلەنگەن.

جۇ ئۇدى ئاسىنا بېكىگە ئەلچى قويغانىدا ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن بولۇپ، 36 يىل ئۆمۈر كۆرگەن بۇ پادىشاھ 17 يېشىدا تەختكە چىقىرىلغانىدى. ئۇ تەختتە 18 يىل تۇردى. ئۇ ئاسىناغا ئۆيلىنىپ تياكى تيەنخېنىڭ 6-يىلى (571) ۋە جەندېنىڭ 4-يىلى (575) غىچە غەربىي دىيار سەنئىتىنى كەڭ تەشەببۇس قىلغان ئاسىنا بېكە پائالىيەتلىرىگە چەك قويمىدى. ئەمما ئۇ، 30 ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىن، ئەينى يىللاردا گاۋۋى باشچىلىقىدىكى شىمالىي چى سۇلالىسىدا غەربىي دىيار مۇزىكا — ئۇسسۇللىرىنىڭ روناق تاپقانلىقىغا زىت ھالدا، جۈملىدىن بۇ جەھەتتىكى ئۆكتىچى پىكىرلەر تەسىرىدە غەربىي دىيار سەنئىتىنى چەكلەش ۋە بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى تازىلاش ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ دەل موغانخان ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئاسىنا بېكە ناتىلاجىسىزلىقتا مۇپتىلا بولغان چاغلار ئىدى.

«سۈي نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى»، «جۇ نامە»، 9-جىلد، «ئومۇمىي مۇسىقا نامە» 146-جىلد، «كىتاب مۇئەللىپلەرنىڭ ئەسلى يۈتۈكلىرى» 567-جىلد، «قاشنامە» 108-جىلددا كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىنا بېكە تيەنخېنىڭ 3-يىلى (568) 3-ئايدا، كۆكتۈرك بارگاھىدىن جۇ سۇلالىسى پايتەختى چاڭئەنگە كىرگەن، بۇ باش بەگ ياڭ جەن مەلىكە تەكلىپ قىلغان باۋدىڭنىڭ 3-يىلى (563) دىن 5 يىل، چىڭ گوگۇڭجۇن قاتارلىقلار مەلىكە تەكلىپ قىلغان باۋدىڭنىڭ 5-يىلى

(565) دىن 3 يىل كېيىنكى ۋەقە. پادىشاھ جەي ئۈدى (542 — 578) مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتىۋالدى. مەملىكەت بويىچە ئۇمۇم كېچىرىم جاكارلىدى، چىڭ گۆكگۆكسۈنىنى چىڭ ئوبلاستىنىڭ باش بۇغىسى قىلىپ كۆتۈردى. ئاسىنا بىلەن جۇ ئۈدى پادىشاھىدىن 13 ياش چوڭ. جۇ ئۈدى پادىشاھنىڭ چۇ (خۇنەن) بەگلىكىدىن ئالغان چوڭ ئايالى ئې سى (لى خۇاڭخۇ، 555 — 588) دىن 27 ياش كىچىك ئىدى. مەلىكە ئاسىنا جۇ ئۈدى پادىشاھ بىلەن ئون يىل (578 — 598) بىللە ياشىدى. جۇ ئۈدى پادىشاھ ۋاپات بولۇپ تاكى سۈي سۇلالىسىنىڭ كەيخۇاڭنىڭ 2-يىلى (582) غىچە 4 يىل تەنها ياشىدى. ئۇ جۇشۈەندى تەختكە چىققان يىلى (578) «خان ئاغىچە»، داشياڭنىڭ 1-يىلى (579) 2-ئايدا «ياش خان ئاغىچا»، كېيىنكى يىلى (580) 2-ئايدا «بۇزرۇكۋار باش خان ئاغىچە» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ھۆرمەتلەندى. ئۇ ۋاپات بولغاندا 32 ياشتا بولۇپ، شاۋلىن (سادىقەتمەنلەر مەقبەرىسى) غا دەپنە قىلىندى. مەلىكە ئاسىنا توغرىسىدا يېزىلغان تەزكىرىدە «گۈزەل»، «خۇش قىياپەت»، «ئۆزىنى تۇتقان»، «ئەقىللىق»، «ئادەپلىك»، «مېھرىۋان»، «قوشنىدارچىلىقنى ئىناق تۇتقان»، «تۆت تەرەپنى ياخشى باشقۇرغان»، «پادىشاھ چوڭقۇر ھۆرمەت قىلغان» دېگەن ئىبارىلار يېزىلغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنبەلەردە بىردەك كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىنا بىلەن چاڭئەنگە كانگىيە، پەرغانە، قەشقەر، كۇچا مۇزىكا ئانسامبىللىرىنى ئېلىپ كىرگەن. بۇنىڭغا ئوڭايلىق تۇغدۇرغان نەرسە ئىستېمى خان ۋە مۇغانخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاق ھونلار زېمىنىدا ئېلىپ بارغان يۈزمىڭ كىشىلىك ھەربىي پائالىيىتى، ئىستېمى خاننىڭ تەڭرى تاغلىرىدىكى يۈلتۇز يايلىقىدا، كۇچانىڭ شىمالىدا، سىر دەريا ۋادىسىدىكى مىڭ بۇلاقتىكى بارگاھلىرى، تەڭرىتاغلىرى، شەرقىي ۋە جەنۇبىدا ئۇيغۇرلىنىش جەريانىنىڭ تېز سۈرئەتتە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى بولدى. بۇ يىللاردا قۇدىلىشىش ئېھتىياجى بىلەن ئاسىنا بىلەن تەكلىپى بويىچە مۇغانخان كۆپلىگەن سەنئەت ماھىرلىرىنى ئۆز بارگاھىغا توپلىغانىدى.

دەرۋەقە، كۇچا، قەشقەر (كاشا)، قوچۇ، ئېۋدرغول مۇزىكا — ئۇسسۇللىرى غەربىي خەن دەۋرىدىلا چاڭئەنگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. ئۇ لويگۇاڭنىڭ تەي ئەن — لوڭ فى (386 — 399) يىللىرى كۇچانى ئىستېلاھ قىلىپ لياڭجۇ (ھازىرقى ۋۇۋى) ئەللەنغەمىنى تەشكىل قىلىشى بىلەن، يېڭى تۈسكە كىرگەنىدى. سۇجۇپنىڭ 12 تېمپىرا تسىيىلىك كىرىشۇناسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئېچكى ئۆلكىلەردە تەسىر كۆرسىتىشى، غەربىي دىيارنىڭ ئۇيغۇرلىشىشى، ئۇرخۇن — ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن بۇ ئەھۋال ئاساسلىق ئورۇنغا كۆتۈرۈلدى. تارىخىي مەنبەلەردە كۇچا (كۆسەن) مۇزىكىسىنىڭ «غەربىي ئەللەر كۆسەن ئەللەنغىمىسى»، «شىمالىي

چى سۇلالىسى كۈسەن ئەلنەغمىسى»، «يەرلىك كۈسەن ئەلنەغمىسى» دېگەندەك ۋاردىيانتتا ئاتىلىشى بۇ زامان قاتلىمى ۋە ماكان قاتلاملىرىدىكى پەرقنى ئەكس ئەتتى.

ئاسىيا بىلەن چاڭئەنگە كىرگىچە بولغان زاماندا غەربىي دىيارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتى ئوتتۇرا دىيارغا كۆرۈنەرلىك تەسىر قىلغانىدى. بۇ چاغدا غەربىي دىيار راستا گۈللەنگەن بۇددىزم دىيارى بولۇپ قالغان. بۇددا تاشكېمىرچىلىكى ئوتتۇرا دىيارغا تەسىر قىلغان. IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە كۈسەنلىك بىناكارلىق سەنئەتچىسى بوتودىن ئۆزى باشچىلىق قىلغان 893 قۇرۇلۇشقا، مەيلى لايىھىلەش، رەسىم سىزىش، ھەيكەل ياساش جەھەتتىن بولسۇن قويۇق كۈسەن ئۇسلۇبىنى سىڭدۈردى. بۇ چاغدا مەيجىسەن (تيەنشۇيدە)، يۈنگاڭ (داتۇڭدا) لۇڭمىن (لوياڭدا) بۇددا تاشكېمىرلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇددا ھەيكەللىرى يۇمۇلاق يۈزلۈك، كەڭ پېشانىلىك، چوڭ ۋە تىك بۇرۇن، نېپىز كالپۇك، گەۋدىلىك، ھېسسىياتچان ۋە غەربىي دىيارنىڭ ئەينى زاماندىكى كىيىم شەكلىدە كىيىندۈرۈلگەن قىلىپ ئىشلەنگەندى. بۇ چاغلاردا ياسالغان ،باشقا غەربىي دىيار سەنئەتچىلىرىگە ئائىت كۆرۈنۈشلۈك بۇيۇملاردىمۇ بۇ ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. يېقىندا IV ئەسىرگە ئائىت سىماجىڭلۇڭ قەبرىسىدىن تاش ئۇلىغا ئىشلەنگەن غەربىي دىيارلىق 4 سازەندىنىڭ كۆرۈنۈشى تېپىلدى. خېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ ناھىيىسى فەنسۇيېۋي قەبرىگاھلىقىدىن تېپىلغان يايپىلاق چوگۇننىڭ قورسىقىغىمۇ شىمالىي چى دەۋرىدىكى غەربىي دىيارلىق 4 سازەندە ۋە كىچىك يۇمۇلاق شىرە ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەركەك ئۇسسۇلچى كۆرۈنۈشىمۇ غەربىي دىيار كىيىم شەكلىدە ئىشلەنگەن. بۇ چاغدا داۋرۇڭ، فاشيەن، خۇيشېڭ قاتارلىق بۇددا ساياھەتچىلىرى غەربىي دىياردىن نەجادىرېبەت نوملىرى ئېلىش ۋە ئىستىقامەت ئۈچۈن غەربىي دىيارغا كېلىشكەنىدى. بۇددا سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلىشتا كۈسەنلىك كۇمىراجىۋا يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچ ياراتتى. شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى شياۋمىڭدى (516 — 528) خۇ ئاغىچىدىن تۇغۇلغانىدى. ئۇ چاغدىلا بۇددا پۈتۈكلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا كۆڭۈل بۆلۈنگەن. شىمالىي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى گاۋۋې «نىرۋانە سۇتراسى» نى تۈركچە تەرجىمە قىلىپ كۆكتۈرك خانىغا ئەۋەتكەن. «شىمالىي چى تارىخى قوغۇزسۇساڭغۇن تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، بۇ سۇترىنى مىرزالى دېلىن تەرجىمە قىلىپ، بېشىغا مۇقەددىمە يازغان. بۇ چاغلاردا تاشقا سۇترا ئويۇش ۋە ئابىدىلەرگە نوم سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە ئويۇش باشلانغان. بۇ كېيىنكى تاش — ياغاچ ئويما مەتبەئچىلىككە ئاساس سالغان. ئەينى يىللاردا تارقالغان «يارالمىش ھېكايىلىرى» ئېلىمىزنىڭ رومانچىلىق تارىخىدا مۇھىم بىر مەنبە بولۇپ خىزمەت يەتكۈزگەن.

ئاسىيا بىلەنگىچە ئوتتۇرا دىيارغا غەربىي دىيار مۇزىكا - تىياتىر سەنئىتىمۇ

كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن، بىر خىل سەنئەت تۈرلىرى شىمالىي قۇملۇق ئارقىلىق ۋە بىۋاسىتە غەربىي دىياردىن لياڭجۇ، چاڭئەن، لوياڭلارغا ئېقىپ كىرگەنىدى. «سۈي نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، سۈي سۇلالىسىنىڭچە غەربىي دىيارنىڭ 15 خىل («تاڭ دەۋرىنىڭ ئالتە قامۇسى» دا يېزىلىشىچە، 16 خىل) چالغۇلىرى ئوينالغان. «ئومۇم قامۇسنامە» دە يېزىلىشىچە، شىمالىي ۋى پادىشاھى شۈەن ئۇدى (500 — 516) ۋە ئۇنىڭ خو (ئۇيغۇر — تۈرك؟) خانىشى كۇچا مۇزىكىسىغا ھېرىسمەنىدى، ئۇنىڭ ئوغلى شاۋمىڭدى (516 — 528) كۇچانىڭ نەغمە دېيىشنى چېلىپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىغان كۈنلىرى بولغان. «شىمالىي چى سۇلالىسى يىلنامىسى»، 21-جىلد، «ۋاڭلار تەزكىرىسى» دا يېزىلىشىچە، پادىشاھ ۋېنشۈەندى ئۆز ئوردىسىدا! يالاڭاچ، يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللار ئويناتتى، ھەتتا ئۆزى كۇچانىڭ نەغمە دېيىشنى چېلىپ بېرەتتى، بۇ ئەنئەنە كاۋۋى سەلتەنەت يۈرگۈزگەن يىللاردا (565 — 576) تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. مەشھۇر ئەلنەغمە ئۇستازلىرىدىن ساۋمياۋدا، ساۋزىڭنۇ (ساۋمياۋدا ئوغلى)، ئەن مورۇ، ئەن ماجۇن قاتارلىقلار كاۋۋى ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. بۇلاردىن ساۋمياۋداغا كاۋۋى ۋاڭلىق ئۇنۋانى بېرىلىپ ئىززەتلىنەتتى. شىمالىي-جەنۇبىي سۇلالىلار دەۋرىدە غەربىي دىيار تىياتىرلىرى شىمالىي سۇلالىلاردا كۆپلەپ ئوينالدى، شىمالىي چى سۇلالىسىدىلا («بۇغىلىق بىلەن ئەجدىھا» (鹿马仙车)، «بېلىق قوشقان ئەۋلىيا ھارۋىسى» (鱼龙)، «خەنجەر يۇتۇش» (吞刀)، «ئوت قۇسۇش» (吐火) «قوغۇن تېرىش» قاتارلىق ئويۇنلار ئوينالغان. ۋىجا ياكىرتى، ۋىجايا جاڭ قاتارلىق «ۋىجايا» (ئىلۇفەر) لەقەبلىك خوتەن سەنئەت شائىرلىرىدىن ۋىجا ياكىرتى شاڭخۇلۇق دەرىجىسىگە ئېرىشكەن. تاڭ دەيزۇڭ دەۋرىدىكى (762 — 780) شاڭخۇ ۋىجايا چىڭ دەسلەپتە مۇزىكا مۇئەسسەسىدە خىزمەت ئۆتەيدىغان خوتەن سازەندىلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. «ئىلۇفەر» (ۋىجايا) لەقەبلىك خوتەن سازەندىلىرى، «ئالتۇنگۈل» (سوۋارا ناپۇسپا)، «شېر گۈل» (ھارى پۇسپا)، «ئاقتاغ» لەقەبلىك كۆسەن سەنئەتچىلىرى، قەشقەر ۋە قوچۇ سەنئەتچىلىرى ئەينى زامان سەنئەت مۇنبىرىدە شىمالىي سۇلالىلار مەدەنىي ھاياتىغا شۆھرەت قوشقانىدى. بۇ ھال سۈي سۇلالىسىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىدىن باشلاپ يېڭى ئورىبىتىدا! جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

## 4

«جۇ نامە» 9-جىلدى بىلەن «سۈي نامە مۇزىكا تەزكىرىسى» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئاسىنا بىنىكە چاڭئەنگە ئېلىپ كىرگەن سەنئەتچىلەر قاتارىدا كۆسەنلىك سۇجۇپ بولغان. «تۈرك خان ئاغىچە بىلەن دۆلەتكە كىرگەن خۇبەربابە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ماھىرى سۇجۇپنىڭ ھەربىر تارا نەسىدە 7 ئاۋاز بار ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى غەربىي دىياردا مۇزىكا پىرى بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ۋارىسلىق قىلىنغان».

سۇجۇپ چاڭئەنگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ «5 تارانە 7 ئاۋاز» دىن تەركىب تاپقان مۇزىكا نەزەرىيىسى سۇي — تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى 28 كۈيگە ئاساس سالدى. بۇ، كېيىن شىمالىي چى سۇلالىسىدىن كەلگەن جىڭ يى، جۈملىدىن قۇللۇقتىن ئازاد قىلىنغان ۋەن چاڭباۋ قاتارلىقلارنىڭ قايتا ئىش قوشۇشى بىلەن ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكا نەزەرىيىسى بولۇپ شەكىللەندى. سۇجۇپ كۈيشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساس سالغان كۇچا ئەلنەغمىلىرى سۇي — تاڭ سۇلالىلىرى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئايلاندى.

شائىدا ئەپەندىنىڭ، جۈملىدىن ياپونىيە ئالىمى شائېۋەن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئاقىبارى ماندامۇ ئاسىنا بىلەن بىللە چاڭئەنگە كەلگەن.① «ئۇقۇتۇش يۇرتى خاتىرىلىرى» دە: «گاۋزۇڭ ئاۋاز قانۇنلىرىنى بىلەتتى، شامال ۋە قۇش ئاۋازىنى ئاڭلايتتى، ئۇسسۇلغا دەسسەپ رېتىم چىقىراتتى. تاڭ سەھەر بۇلبۇل ئاۋازىنى ئاڭلاپ، مۇزىكىچى ئاقارى ماندا غا «باھار بۇلبۇل ناۋاسى» كۈيىنى ئىشلەشكە بۇيرىدى» دەپ يېزىلغان. بۇ تاڭ گاۋزۇڭ لى جىژى سەلتەنەت دەۋرى (650 — 684) بولۇپ، ئاسىنا بىلەن سۇجۇپنى چاڭئەنگە ئېلىپ كىرگەن (568) ۋاقىتتىن تولىمۇ يىراق بولغاچقا، ئۇ بىۋاسىتە كۇسەندىن كەلگەن ياكى شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى كۇسەن مۇزىكانتلىرىنىڭ ئەۋلادى بولۇشى ئېھتىمال.

شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەلنەغمە يېتەكچىسى بەي جىژتۇڭ كۇسەنلىك ئىدى. «كونا تاڭ نامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، ئاسىنا بىلەن كاڭ كۇنلۇن باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم سەنئەتچىلەرنى غەربىي دىياردىن تەكلىپ قىلىپ كەلتۈرگەن. كاڭ كۇنلۇن چاڭئەندە پىپا چېلىشتا شۆھرەت قازانغان. ئۇ بىر قېتىم بىر ئايال پىپا ماھىرىدىن يېڭىلىپ قالغان. ئۇ چاڭئەن جۇاڭيەن ئىبادەتخانىسىدا راھىبە قىياپىتىگە كىرىۋالغان شەنبېن ئىسىملىك ماھىر ئىدى. كاڭ كۇنلۇن دەرھال شەنبېننى ئۇستاز تۇتۇپ، بىرقانچە يىل ئىچىدە نامى ئۆچمەس پىپا ماھىرى بولۇپ چىققان.

ئاسىنا بىلە ۋاقىتتا ئۇسسۇل سەنئىتىدىمۇ يېڭى جانلىنىش كۆرۈلگەن. «ئەتلەس كۆينەك» ئۇسسۇلى ئەسلىدە شىمالىي سۇلالىلار ۋاقتىدا غەربىي دىياردىن چاڭئەنگە كەلتۈرۈلگەن، بۇ چاغدا غەربىي دىياردا يىپەكچىلىك تېخنىكىسى تېز راۋاجلانغان، «خوخۇەن بۇ» (火浣布) دېگەن ئاتەش ئېقىن كۆرۈنۈشلۈك رەخت ئىشلەنگەن. مانا بۇ ئەتلەسنىڭ ئەينى زاماندىكى شەكلى ئىدى. شىمالىي جۇ

① شائىدا: «چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى»، 12 - بەت.

زاماندا «شەھەر ئۇسسۇلى» دېگەن 80 كىشىلىك ئۇسسۇللۇق ئۆپېرا تەشكىللەنگەن. نىقابلانغان ئارتىسلار ئالتۇن زىبۇ-زىننەتلەر، مەخمال تۇماقلار، يىپەك سالغان چاچلار ھايۋان شەكلىدىكى قۇلاقلار بىلەن، غەربىي دىيار ئۇسسۇلى ئۇسلۇبىدا ئويۇن ئويناشقان.

سومۇز — سۇمۇلەمەشرىپى شىمالىي جۇ سۇلالىسى چاڭئەندە سەلتەنەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا چاڭئەندە ئۆتكۈزۈلگەن. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ۋىنشۈەندى پادىشاھى زامانىدىلا سومۇز ئوينالغان. بۇ مەشھۇر مۇزىكاشۇناس جىڭ يى شىمالىي جۇ ئوردىسىدا تۇرغان ۋاقىتلار ئىدى. شىمالىي جۇ سۇلالىسىنىڭ جۇ ئوردىدىن كېيىنكى پادىشاھى جوجىڭدى (يۈي ۋىنيەن) 579-يىلى سومۇز ئۇسسۇلىنى كۆرگەن. سومۇز سۈي سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە داۋاملاشقان ۋە ئايال پادىشاھ ۋۇزېتيەن (685 — 704) بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى لى شيەن (تاڭ جۇڭزۇڭ، (704 — 710) بۇ خىل سومۇز پائالىيەتلىرىنى قىزىقىپ كۆرگەن. «تاڭ تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى»، 13-جىلدىدا يېزىلىشىچە، سومۇز كەيۈەننىڭ 6-يىلى (718)، 10-ئاينىڭ 17-كۈنى تاڭ شۈەنزوڭنىڭ بۇيرىقى بىلەن مەنئى قىلىنىدى. بۇيرۇقتا، سومۇزدىكى يالىڭاچ ئۇسسۇللار مۇقەددەس ئەخلاققا خىلاپ، لاي سۇ چېچىش ھۆسۈن — جامالغا پايدىسىز، دېيىلگەن. بۇ چاغدا چاڭئەندە ئوينىلىدىغان سومۇز پائالىيىتى چوڭ ئاممىۋى سورۇنغا ئايلانغان بولۇپ، ئاتلىق ياسىداق بىر توپ يېرىم يالىڭاچ، تولۇملارغا سۇ ئالغان بىر توپ قاتار كىرىشىپ، پىيادە ئۇسسۇلچىلار ئاتلىقلارغا سۇ چېچىشىپ ئويناپتتى. ئەمما نورۇز ناخشىلىرى داۋاملىق ساقلانغان. «سۇڭ تارىخى قوجۇ تەزكىرىسى» دە ئۇيغۇرلار تۇرپان ۋادىسىدا گۈللۈك دوپپىلار كىيىپ، ئات ئۈستىدە مەرگەنلىك قىلىپ، ئاياللار سۇ چاچىدىغان قاچىلاردا سۇ چېچىپ سومۇز ئوينىشىنى، ھەر يىلى 12-ئايدا بىر قېتىم ۋە چوكانتال بايرىمى ئالدىدا بىر قېتىم سومۇز ۋە سوغۇق تائام بايرىمى قىلىدىغانلىقى يېزىلغان. تاڭ دەۋرىدىكى شائىر خەن شاڭ «سوغۇق تائام بايرىمى» ناملىق شېئىرىدا ئوردىدىن باشقا جايدا ئوت-چىراق يېقىلمايدىغانلىقىنى، كىشىلەر تەييار سوغۇق تائام يەيدىغانلىقىنى، ئوردىدىن پادىشاھ رۇخسەت قىلغاچ ئەمەلدارلار ئۆيلىرىگە شام تۇتاشتۇرۇپ ماڭغان مەنزىرىنىڭ قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بۇ كۆكلەم شەھىرىدە گۈل ئۈچمىگەن يوق ھېچ يەر،
سوغۇق تائام مەزگىلى شالقىندا تال يەلپۈنەر.
شام يېقىشىپ قايتىشار كەچ كىرگەندە ئوردىدىن،
شاھ ئىنئامى بۇ شاملار بەگلەر ئۆيىگە كېتەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلىرى

ھەبىبۇللا خوجا

غەربىي رايون خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى خەلقلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلىرى ئۇزاق ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە.

مىلادىدىن ئىككى ئەسىر ئاۋۋال جاڭ چيەننىڭ غەربىي رايونغا قىلغان ئەلچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ۋە ھۈنەر-سەنئىتىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايون خەلقلىرىگە تونۇشتۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن غەربىي رايوننىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىشقا باشلىدى.

سۈي سۇلالىسى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، غەربىي رايوننىڭ مەدەنىيىتى، سەنئىتى — چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئۇسسۇل-ئويۇنلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردە زور داڭ چىقاردى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە سودا-تىجارەت، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ قويۇقلاشتى. ئات-يىپەك سودىسى ناھايىتى جانلاندى. قۇدا-باجىلىق

---

جۇڭگودى 572-يىلى غەربىي دىيار ئەلنەغمە سەنئىتىنى چەكلەش ھەققىدە پەرمان قىلغان بولسىمۇ، ئاسىنا بىكەنىڭ بۇ سەنئەتنى قايتا داۋاملاشتۇرۇش پائالىيىتى ئەڭ ئاخىرى يەنىلا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تۆۋەنكى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان ئەلنەغمىلەر ئىچىدە كۈسەن ئەلنەغمىلىرىنى ئاساس قىلغان غەربىي دىيار مۇزىكا-ئۇسسۇل-تىياتىر سەنئىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ 10 قىسىملىق ئەلنەغمىسىدا ئۇلۇغ ئورۇن تۇتتى. بۇ ئەلنەغمىلەر نەچچە ئونلىغان مۇزىكا كۈيلىرى، ئۇسسۇللۇق كونسېرتلار، چوڭ نەغمە-مەشرەپلەر، ئويۇن-تىياتىرلار، فولكلور نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا خەزىنىنى ھاسىل قىلدى.

ئاسىنا بىكە ئېلىمىزنىڭ شىمالىي سۇلالىلار، سۈي-تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى سەنئەت سىنكرېتىزمىغا كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەن تارىخىي شەخس سۈپىتىدە ھازىرقى زامان كىشىلەر ئەسلىمىسىدە مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشقا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇناسىۋەتلەر كۈچلۈك سىياسىي مۇناسىۋەتلەر تۈسىنى ئالدى. دوستانە مۇناسىۋەت-
لەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالامەتلىرىدىن بىرى شۇكى، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ
بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئۇيغۇرلار تەكلىپكە بىنائەن چوڭ ياردەم كۆرسەتتى.
تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنلۈك-سۈيگۈن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ، ئىسيانچى-
لارنىڭ قولىدىن چاڭئەن-لوياڭدىن ئىبارەت ئىككى پايتەختىنى قايتۇرۇپ
ئېلىپ بەرگەنلىكىدەك غايەت زور تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ
تاڭ سۇلالىسىغا كۆرسەتكەن بۇ دوستانە ياردىمى «كونا تاڭنامە» 195-جىلد
«ئۇيغۇرلار» دا مۇنداق ئىپادە قىلىنغان:

«خېيىم-خەتەر چۈشكەندە باشقا، بولدى ھەمدەم بىر نىيەت، جەڭدە كۆر-
سەتتى جاسارەت، تۆھپىسى بولدى بىھەد، گەرچە تۇرساقمۇ يىراقتا، كۆڭلىمىز
رىشتى تۇتاش، تا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس بۇنداق سۆيەت. بىز ئۈچۈن
چەكتى جاپا، شەرتسىز كېرىپ كۆكرەكنى كەڭ، ئالمىدى ئارتۇق نېسىۋە، خىزمىتى
ئۈچۈن پەقەت. ئاي بىلەن كۈنگە ئۇلارنى يولىدۇ تەڭلەشتۈرۈپ، ياشىغاي پەزىلىتى
ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئەبەت.» ①

تاڭ خاندانلىقى تۈرلۈك شەرت-شارائىتلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشى بىلەن قۇرۇلغان
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئاران 41 يىللا بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى.
لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان خانلىقلار بىلەن بولغان
مۇناسىۋىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ يوقىلىشى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى، بەلكى ئۇنىڭ
ئورنىدا قۇرۇلغان سۇلالىلەر بىلەن يەنىلا داۋاملىشىۋەردى ۋە تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

بەش ئەسىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك
رايونلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ يەردە ئالتۇن،
كۈمۈش، مىس، تۆمۈر، قاشتېشى... قاتارلىقلاردىن سۈپەتلىك ھەربىي قورال-ياراغ،
دېھقانچىلىق سايمانلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرى، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ۋە باشقىلار
ياسىلاتتى. «ئۇيغۇرلار باش كىيىم، چاپان، كۆڭلەك، ئاياغ ۋە بەلباغلارنى ئالتۇن،
كۈمۈش، پىل ئۇستىخانلىرى، قاشتېشى، يېشىل ياقۇت، ئاق ياقۇتلار بىلەن بېزەپ،
تۈرلۈك رەڭلىك يىپەك توقۇلمىلار، يىپلار بىلەن كەشتە بېسىشقا ئىنتايىن ماھىر
ئىدى. زەرگەرلىرى بولسا، مېتالنى سوغۇق ئىشلىتىشتىن تاشقىرى ئۇنى ئېرىتىپ،
مەخسۇس قېلىپقا قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھايىتى نازۇك سەنئەت بۇيۇملىرىنى
ئىشلەيتتى. بولۇپمۇ تۆمۈرچىلەر ساپ پولاتتىن سوققان ۋە زەرگەرلار نەقىشلىگەن
قىلىچ-خەنجەرلەر جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرىدە يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىدى، شۇڭا
ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چېت ئەل پادىشاھلىرى بىلەن دوستلۇق-ئالاقە تۇتقانلىرىنى
تۈزگەندە ئۇلارغا ھەربىي قوراللارنى ھەدىيە قىلىپمۇ ئەۋەتەتتى» ②

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسىدە كۆپ خىل ئىگىلىك راۋاج

تاپقانىدى. چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلاتتى. يۇڭدىن، پاختىدىن ۋە يىپەكتىن تۈرلۈك ئېسىل توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى تەييارلىناتتى. ياغاچتىن، لايدىن، قىرمۇچتىن، مۈڭگۈزلەردىن ۋە مېتاللاردىن چالغۇ ئەسۋابلىرى ياسىلاتتى. بۇ خىل مەھسۇلاتلارنىڭ بىر قىسمى دۆلەت ئىچىدە ئىشلىتىلسە، بىر قىسمى يەرلىك بازارلاردا سېتىلاتتى. يەنە بىر قىسمى بولسا قوشنا ئەل-رايونلارغا چىقىرىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار «يىپەك يولى» سودىسىدا ئاكتىپ ئىشتىراكچىلاردىن ئىدى. «ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى بىلەن قاراخانىلارنىڭ مەركىزى قىسمى شەرق بىلەن غەربنىڭ قاتناش لىنىيىسىدە باش تۈگۈننى ئىگىلىگەنىدى. قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا لىنىيىسى قوچو (تۇرپان)، ئاگنى (قاراشەھەر)، كۇچا بىلەن قەشقەرگە كېلىپ ئاندىن، كۆك ئارت ئارقىلىق پەرغانە ۋە خوراسان تەرەپ بىلەن ئىراندىن ئۆتۈپ، غەربىي دېڭىزغا چىقىپ كېتەتتى. يىپەك يولىنىڭ لىنىيىسى بالا ساغۇن ۋە بارسغاننى تۈگۈن قىلغانىدى. بۇ يوللار شەرقتە قىتان (لياۋ) پايتەختى شياڭجىڭغىچە شىمالىي سۇڭ پايتەختى بىيەن جىڭ (كەيفېڭ) غىچە باراتتى. دەسلەپتە يىپەك سودىسى بىلەن نام ئالغان بۇ قاتناش يولى ئارقىلىق قىتان خانلىقى، ئىدىقۇت خانلىقى ۋە قاراخانىلارنىڭ غەربتىكى ئىران، ھىندىستان، ئەرەب ۋە شەرقىي روما بىلەن بولغان ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلىرىمۇ ناھايىتى قويۇقلاشقانىدى. شەرق بىلەن بولغان سودىدا دورا-دەرمەك، خۇشبۇيلۇق، بېزەك بۇيۇملىرى ۋە قورال-ياراقلاردىن باشقا، ئىنچىكە-سىپتا يۇڭ توقۇلمىلار، كەندىر ۋە پاختا توقۇلمىلار، كۆن-بۇلغار، موي-تېرە قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، شۇنىڭدەك يىلقا تىجارىتىمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى، غەربنىڭ تاۋار ماللىرىنى يەتكۈزۈشتە ئاساسىي رول ئوينىغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ قىتان يەرلىرىدە ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قەدىمى يەتمىگەن جايلار يوق دېيەرلىك ئىدى، شۇنداقلا باغداد، دەمەشق ۋە كونستانتىنوپوللارمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئۈچۈن ئەڭ تونۇشلۇق شەھەرلەردىن ئىدى» ③

ئېلىمىز تارىخىدا ئۆتكەن كېيىنكى تاڭ (923—926)، كېيىنكى جىن (936—947)، كېيىنكى خەن (947—950)... دەپ ئاتالغان بەش دەۋر مەزگىلىدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر تېخىمۇ قويۇقلاشقانىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بەش پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى لوياڭ ۋە كەيفېڭلارغا ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، قاشتېشى ۋە باشقا مېتاللاردىن ياسالغان بويۇملار، ئىنگەر-جابدۇقلار، خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللار، دورا-دەرمەكلەر، يىلقا، تۆگىلەرنى ئېلىپ بېرىپ سودا قىلغان. 924-يىلدىن 948-يىلغىچە ئۇيغۇر سودىگەرلىرى كەيفېڭغا 11 قېتىم بېرىپ سودا قىلغان. 938—942-يىللاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا ئېلىپ كىرگەن ئاتلىرىنىڭ سانى 1200 گە يەتكەن. 1085-

يىلىدىكى سودىسىنىڭ مىقدارى ناھايىتى زور بولۇپ، داچىن يىل ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ سەر (تىنزىق) قا، ئات ھېسابىدا 24 مىڭ ئاتقا يەتكەن.①

قوچو ئۇيغۇرلىرى 924 – يىلىدىن 951 – يىلغىچە يەنە لىياڭ، كەيفېڭلارغا نۇشۇدۇر، بۆكەن مۈڭگۈزى، دانىكا، دېڭىز ئېيىقىنىڭ بۆرىكى (دورا ماتېرىيالى)، كەھرىۋا، دىنشۇرقاي ۋە خوشپۇراقلىق دورا ماتېرىياللىرى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ سودا قىلىشقان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان دورا ماتېرىياللىرى ۋە خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللارنىڭ تۈرلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەن. مەسىلەن، خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللاردىن مەستىكى رۇمىدىن باشقا قۇستە، پارتىخىيە ئۇپارى، دورا ماتېرىياللىرىدىن مامىرەن چىنى قاتارلىقلار قوشۇلغان. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەش پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قىلغان سودىلىرى ئىچىدە كىيىم – كېچەك ۋە زىبۇ – زىننەت بۇيۇملىرى سودىسىمۇ ئالاھىدە ئورۇن تۇتاتتى. مەسىلەن، 924 – يىلىدىن 953 – يىلغىچە (كېيىنكى تاڭ سۇلالىسى تۇڭگۇاڭ ئىككىنچى يىلىدىن كېيىنكى جۇ سۇلالىسى گۇاڭشۇن 3 – يىلىغىچە) ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى لوياڭ، كەيفېڭلارغا 13 قېتىم ۋەنشى يىپىكى، ياۋا ئات تېرىسى، ئاق بولغۇن تېرىسى، قاشتېشى قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ سودا قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قېتىملىق سودىسىنىڭ قىممىتى چوڭ بولغان. يەنى 951 – يىلى كەيفېڭگە 2633 پارچە ئاق بولغۇن تېرىسى، 1329 توپ بۆز ئېلىپبارغان. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىگە كەلگەندە بۇرۇن كەيفېڭگە ئېلىپ بارغان بىر مۇنچە ماللاردىن باشقا يەنە ئەتلەس، شايى قاتارلىق نەپىس توقۇلغان توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭى خىللىرىمۇ قوشۇلغان.

كېيىنكى جۇ پادىشالىقى (951 — 960) بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى 951 – يىلىدىن كېيىن يەنىمۇ قويۇقلاشقان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلار بىلەن بولىدىغان سودا – تىجارەت دائىرىسى كېڭىيىپ، مال خىللىرىمۇ كۆپەيگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان قاشتېشىدىن ئىشلىگەن بۇيۇملىرى، توقۇلما بۇيۇملار، ھەرخىل بولغۇن تېرىلىرى، ئۇپار – زەپەر، دورا – دەرمەكلەر، خۇشپۇراقلىق ماتېرىياللار بوتتۇرا تۈزلەڭلىك سودىگەرلىرىنى ۋە سۇلالە سارايلىرىنى، شۇنداقلا ئاھالىلەرنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلىپ قىلغان. مانا شۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەن «جۇ سۇلالىسى سارىيى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكىرىدىكى پۇقرالار بىلەن بىۋاسىتە سودا – سېتىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. شۇنىڭدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر سودىگەرلىرى پەقەت ھۆكۈمەت بىلەنلا سودا قىلالايتتى»⑤

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق ئىدى. 962 – يىلى (تەيزۇڭ نىڭ جەنلۇڭ 3 – يىلى) ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارسلانخاننىڭ مەسۇۋىن باشچىلىقىدىكى 42 كىشىلىك بىر ئەلچىلەر

ئۆمىكى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى سارىيىغا بېرىپ، ئېسىل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سوغات قىلغان. 981 - يىلى (تەيپىڭ شىڭگونىڭ 6 - يىلى) قوچو ئىدىقۇتىنىڭ ئەلچىسى مەسۇۋىن يەرلىك مەھسۇلات، سوغا - سالاملار بىلەن شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا يەنە بىر قېتىم ئەلچىلىككە بارغان ۋە پادىشاھ تەيزۇڭغا كەمتەرلىك دوستلۇق ھۆرمىتىنى ئەلا بىلىپ ئۆزلىرىنى «قوچۇلۇق جيەنىڭلار» دېگەن. فېئودا لامىق دۆلەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە كۆرە، يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر بىلەن، مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر يەرلىك ھاكىمىيەتلەر بىلەن ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىشىپ، سوغا - سالام يوللىشىپ تۇرغان، قۇدا - باجا بولۇشقان، سودا - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ ئۆتۈشكەن.

982 - يىلى (تەيپىڭ شىڭگونىڭ يەتتىنچى يىلى) شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى خانى تەيزۇڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدىن كەلگەن ئەلچىلىككە جاۋابەن ۋاڭ يەندىنى باشلىق، بەيشۈن (بەزى ماتېرىياللاردا بەيشاڭشۈن دېيىلىدۇ) نى مۇئاۋىنى قىلىپ، 100 كىشىلىك ئەلچىلىك ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ۋاڭ يەندى ئۇيغۇر ئىدىقۇتى ئارسلانخاننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇۋەپپەق بولغان. ئۇ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا بولغان ھۆرمەت - ئېھتىرامىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە تەييارلاپ بەرگەن ئالتۇن كەمەر، جۇۋا، كىمخاپ قاتارلىق بۇيۇملارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى باشلىقلىرىغا تارتۇق قىلغان. ۋاڭ يەندى سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ كۈچىيىشىگە زور تۆھپە قوشقان شەخستۇر.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىتانلار بىلەن ھەمدە يۈەن سۇلالىسى بىلەن سودا - سېتىق مۇناسىۋەتلىرىمۇ قويۇق بولغان. قىتانلار بىلەن ئەڭ دەسلەپ مۇناسىۋەت ئورناتقانلار دەل ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ شاڭجىڭنىڭ (لياۋ خانلىقىنىڭ بىر پايتەختى. ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جاۋ ئۇدا ئايمىقى بالىنسۇل خوشۇنىنىڭ شەرقىدىكى كەنت تەۋەسىدە) غا بېرىپ سودا قىلىدىغانلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭلاشقا لياۋ خانلىقى شۇ يەردىكى شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ شەرقىگە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن «ئۇيغۇر مەھەللىسى» قۇرۇپ بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا قوچو ۋە كۇسەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ خانلىرى ھەر ئۈچ يىلدا قائىدە بويىچە 100 دىن ئارتۇق كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئەلچىلەر» (ئەمەلىيەتتە سودىگەرلەر) نى لياۋ خانلىقىنىڭ پايتەختى شاڭجىڭغا سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئەۋەتىپ تۇرغان. ئۇلار تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي يولى ئارقىلىق قاشتېشى، ئۈنچە - مەرۋايىت، كەركىدان، كەھرىۋا، مەستىكى رومى، نۇشۇدۇر، ئەينەكتىن ئىشلەنگەن قاچا - قۇچىلار، تۆمۈردىن ياسالغان ھەربىي قورال - ياراقلار، ئاق قويرۇق تېرىسى، يىپەكتىن توقۇلغان ئېسىل توقۇلما بۇيۇملار ۋە باشقىلارنى ئاپىرىپ سودا قىلىشقان. قوچو

ئۇيغۇرلىرى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ۋە غەربىي رايوندىكى باشقا قەبىلە ۋە خەلقلەر-نىڭ مال ئايرىۋاشلاش، سودا-سېتىق ئىشلىرىدا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆز زېمىنى تەۋەسىدە مال ئالماشتۇرۇش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ بەرگەن. ئۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان ئاۋات سودا-تىجارەتكە ھېرىس بولغان لياۋ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھىمۇ غەربىي رايون قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن مال باھالىرىنى بەلگىلەپ چىققان.⑥

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت دادۇ (بېيجىڭ) قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بولغان. مەخسۇس «ئۇيغۇر دورىخانىسى» — «ئۇيغۇر دورا بېرىش ئورنى» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ، كېيىن گۇاڭ خۇيسىغا ئۆزگەرتىلگەن. گۇاڭ خۇيسى مەخسۇسلا غەربىي رايوندىن چىقىدىغان دورىلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ساتىدىغان، ئوردا ئەمەلدارلىرىنى، پايتەختتە تۇرۇشلۇق مۇسۇلمانلارنى تەمىنلەيدىغان ئورگان بولغان.⑦

قىسقىسى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلۇپلا قوشنا دۆلەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قۇرۇلغان سۇلالىلەر بىلەن قويۇق سودا، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە بولدى. ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ئىچكى رايونلار بىلەن مەدەنىيەت، سەنئەت جەھەتتىكى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قويۇقلىشىشى ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان رەڭدار جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە گۈللىنىشى، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىش، بىرلىكتە ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولدى.

[قوشۇمچە] I

ئۇيغۇرلارنىڭ بەش دەۋر ئۇن پادىشاھلىق ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قىلغان دورا-دەرمەك، خۇشپۇراق بۇيۇملار سودىسىنىڭ تۈرلىرى جەدۋىلى*
(44-بەتتىكى جەدۋەلگە قاراڭ)

ئىزاھلار

① ليۇزشاۋ: «ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە نەشرى. 1985-يىل 3-سان.

② «بەش سۇلالە ۋەقەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كونا ھەقىقى خرونىكا» 27-باب، 12-بەت، 43-باب، 30-بەت. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 7-8-بەتلەردە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەرجىمىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا بېرىلگەن چۈشەنچە. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىل.

④ «ۋەقەدىكى نەقىل-پاراسەت غەزىنىسىنىڭ قامۇسى» 972-جىلد؛ «بەش دەۋر تارىخىنىڭ مۇھىم بايانلىرى» 28-جىلد؛ «كونا بەش دەۋر تارىخى» 138-جىلد؛ «يېڭى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرىنىڭ داۋامى» 361-جىلد؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتاب (خەنزۇچە نەشرى 1989-يىل) تا كەلتۈرۈلگەن مەقىل.

⑤⑦ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1-قىسىم 258--259-بەتلەر

⑥ «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى چوڭ ۋەقەلەر يىلنامىسى» (ماشىنىكا نۇسخە).

| يىللار | تۈرى | مىقدارى | ماتېرىيال مەنبەسى |
|---|---|---|---|
| 924 - يىلى (تېڭگۇاڭنىڭ 2 - يىلى 4 - ئاي) | ئۈشۈدۈر، زەمچە، بۆكەن مۈڭگۈزى | تەپسىلىي ئەمەس | «قەدىمكى ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسىنىڭ قامۇسى» 972 - جىلد |
| 934 - يىلى يىن شۈن يۈەن (1 - ئاي) | ئۈشۈدۈر، بۆكەن مۈڭگۈزى | ″ | ″ ″ |
| 938 - يىلى تىيەنخۇنىڭ 3 - يىلى (3 - ئاي) | بۆرەق، ئۈشۈدۈر، قۇندۇز قەرى، بۆكەن مۈڭگۈزى | ″ | ″ ″ |
| 945 - يىلى كەيۈننىڭ 2 - يىلى (2 - ئاي) | ″ | ″ | ″ ″ |
| 948 - يىلى گەن يۈ 1 - يىلى (5 - ئاي) | ئۈشۈدۈر، بۆكەن مۈڭگۈزى | ″ | ″ ″ |
| 951 - يىلى گۇاڭشۈننىڭ 1 - يىلى (2 - ئاي) | قەھرىۋا، توغرۇغۇ، خۇشپۇراق دورىلار | 390 جىڭ | ″ ″ |
| 965 - يىلى شىمالىي سۇڭ گەندى 3 - يىلى | ئۈشۈدۈر | تەپسىلىي ئەمەس | «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم مەلۇماتلىرى» 4 جىلد، كۆچا |
| 965 - يىلى گەندى 3 - يىلى (12 - ئاي) | ″ | ″ | ″ ″ |
| 1010 - يىلى داجۇڭ شياڭفۇ 3 - يىلى (شيەن 3 - ئاي) | ئۈشۈدۈر، مەستىكى رۇمى | 248 جىڭ<br>341 جىڭ | ″ |
| 1016 - يىلى داجۇڭ شياڭفۇ 9 - يىلى (12 - ئاي) | خۇشپۇراق دورىلار | تەپسىلىي ئەمەس | ″ ″ |
| 1026 - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى، ئۈشۈدۈر | ″ | ″ ″ |
| 1025 - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى | ″ | «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد، «ئۇيغۇرلار» |
| 102د - يىلى تيەنشىن 3 - يىلى (12 - ئاي) | مەستىكى، ئۈشۈدۈر | | يۇقىرىقى كىتاب، «ئۇدۇن تەزكىرىسى» |
| 1027 - يىلى تيەنشىن 5 - يىلى (8 - ئاي) | مەستىكى، ئۈشۈدۈر | | يۇقىرىقى كىتاب، «ئۇيغۇرلار» |
| 1028 - يىلى تيەنشىن 6 - يىلى (2 - ئاي) | مەستىكى | تەپسىلىي ئەمەس | «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنىڭ مۇھىم مەلۇماتلىرى» 7-جىلد |
| 1071 - يىلى شىنىڭ 4 - يىلى (2 - ئاي) | مەستىكى، قۇستە، ئۈشۈدۈر، قەھرىۋا | ″ | ″ ″ |
| 1072 - يىلى شىنىڭ 5 - يىلى (12 - ئاي) | مەستىكى، قۇستە، قۇندۇز قەرى | ″ | ″ ″ |
| 1074 - يىلى شىنىڭ 7 - يىلى (2 - ئاي) | مەستىكى، ئەنزۇن بالزامى، ئۈشۈدۈر | ″ | ″ ″ |
| 1077 - يىلى شىنىڭ 10 - يىلى (4 - ئاي) | مەستىكى، قۇستە، ئەنزۇن بالزامى، ئىسانى ئاسايور، خەربەق | ″ | ″ ″ |

(1) مەزكۇر جەدۋەل دەي يىگىشىنىڭ «جۇڭگو تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ئىلمى جەھەتتىن شىنجاڭ رايونىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى جايلىرى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىندى.

# ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ★

مەھمۇتجان ئاسىم

## 6. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يولغا قويغان مىللىي سىياسەت

ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە، زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى. بىراق، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئادەتتىكى خەنزۇ ئاممىسى پەرقلەندۈرۈلمەي «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» تەك خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى. ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە مىللىي مەسىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «... بىز ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزنى يوشۇرمايمىز، بەلكى خاتالىقلارنى پاش قىلىمىز، خاتالىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقىمىز ۋە بۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىمىز. بىز جىق خاتالىق ئۆتكۈزدۇق، بىز مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىدە (ئەزگۈچى مىللەت ئۆزى تۇغما مەۋجۇت ئەمەس) دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ياخشى ئويلاشمىدۇق. شۇنداقلا ئەزگۈچى مىللەت ئىچىدىكى ئەزگۈچى بىلەن ئېزىلگۈچىنى بەزى چاغلاردا توغرا پەرقلەندۈرمىدۇق. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئوخشاشلا ئېزىلىۋاتقان خەنزۇ خەلقىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى بولدى. مەسىلەن مۇنداق خاتالىقلارمۇ يۈز بەردى: بىزنىڭ ئىچىمىزدىكى ناھايىتى ئاز سانلىق بۇزۇق ئۇنسۇرلار خەنزۇلارنى دۈشمەن دەپ قارىدى. ئۇلارغا باراۋەرلىك يۈزىسىدە مۇئامىلە قىلمىدى. ھەتتا ئۇلارغا تەھدىت سالدى ۋە ئۇلارنى ۋەھىمە ئاستىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ مۈلكىنى تارتىۋالدى. ئۇلاردىن ئالغان قەرزنى قايتۇرمىدى، بەزى لۈكچەكلەر خەنزۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە خەۋپ يەتكۈزدى»①

★ بېشى ئالدىنقى ساندا.

① سەيپىدىن ئەزىزى: «تەڭرىتاغ بۈركۈتى».

بېيىنگدىكى توپكى سەۋەب، تارىختىن بۇيان قېپقالغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىكنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چوڭ خەنزۇ مىللەتچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنلىكى، شۇنداقلا بەزى دىنىي ۋە مىللىي ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ۋۇتىرا تقۇلۇق قىلىشى قاتارلىقلار بولدى.

ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ماركسىزم - لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى قوبۇل قىلغان بىر قىسىم رەھبەرلەر ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنلا، ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى، بولۇپمۇ مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە كىرىشتى.

ئەخمەتجان قاسىمى «مىللىي مەسىلىدىكى بەزىبىر خاتالىقلىرىمىز» دېگەن ماقالىسىدا مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ نىشانى، مەقسىتى ۋە مىللىي مۇناسىۋەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز مىللىي ئازادلىق كۆرىشىنىڭ تىغىنى خەلق ئەركىنلىكىنىڭ دۈشمەنلىرىگە - ئەشەددىي ئەكسىيەتچىلەرگە ۋە ئۇنىڭ تايانچىسى بولغان ئىمپېرىيالىزمغا قارىتىشىمىز كېرەك. پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگودىكى دېموكراتىك تەبىقىلەر جۇڭگودىكى فېئودال بيۇروكراتلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي، سىياسىي كۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان گومىنداڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى بولغان جاھانگىرلىككە قارشى كۆرەش ئېلىپ بارماقتا. پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرىشىۋاتقان خەلق ۋە دېموكراتىك تەبىقىلەر بىزنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىمىز بولىدۇ. جۇڭگودىكى مىللەتپەرەستلەر، ئەكسىلئىنقىلابچى گومىنداڭچىلار ۋە جاھانگىرلار بىزنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن دېموكراتىك ھەرىكەتنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ھازىرقى باسقۇچتا ھەقىقىي دېموكراتىيە مەسىلىسىدىكى ۋەزىپىمىز - مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا مىللىي مەسىلىدە سادىر بولغان خاتالىقلارنى تېزدىن تۈزىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكى ئاساسىدا، گومىنداڭنىڭ، جاھانگىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بولمىغان ھەقىقىي ئەركىن، دېموكراتىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇشتىن ئىبارەت».

ئەخمەتجان قاسىمى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، مىللىي مەسىلىدىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە، خەلق ئاممىسىغا ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ نىشانىنى ھەم ۋەزىپىسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەردى، ئىنقىلاب ئىشلىرىنى توغرا يولغا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مىللىي مەسىلىگە ئالاقىدار بولغان بىر قاتار خىزمەتلەر ئۈنۈملۈك ئىشلەندى. مەسىلەن: پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن خەلق ئىچىدە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى

ھەممىدىن «مۇھىم» تەربىيەسىنى ئېلىپ بېرىلدى. بۇ تەربىيە ئارقىلىق كەڭ ئاممىغا
مىللەتچىلىكنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىگە كەلتۈرگەن ئېغىر زىيانلىرىنى
تونۇتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي مەسىلىدىكى ئېغىشلارنى قەتئىي تۈزىتىشكە،
ھەممە مىللەت ئىتتىپاق، ئىناق، باراۋەر بولغان مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا،
ئاز سانلىق مىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق
دۈشمەنگە بىرلىكتە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق قىلىندى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بۇ
خىزمەتكە يولداش ئا. ئابباسوۋنى مەسئۇل قىلدى. ئا. ئابباسوۋ ھەرقايسى ئورۇن
ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەرگىچە بېرىپ خىزمەتلەرگە بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى.
ئۇ غۇلجا شەھىرىدىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن مۇنداق دېگەنىدى:
«غۇلجا شەھىرىدىن ھەربىر رايون ۋە مەھەللىلەرنى ئاساس قىلىپ
گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرىمىز، قانداق مىللەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر
پۇقرالارغا قارشى ئەمەسمىز، ھەتتا گومىنداڭ ئىچىدىن قورال تاپشۇرۇپ بىزگە
ئەل بولغان ۋە ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرگىمۇ چېقىلمايمىز. ھازىر ئايرىم
جايلاردا بەزى خەنزۇ پۇقرالارغا زەربە بېرىدىغان يامان ھادىسىلەر باش كۆتۈرۈپ
قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ساقچى ئورۇنلىرى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ پۈتۈن
غۇلجا شەھىرىدىكى خەنزۇ پۇقرالار ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەرنى قەتئىي ئاسراپ،
پۈتۈن خەنزۇ پۇقرالارنى قەتئىي قوغداش لازىم، يامان نىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق
قىلىدىغان ئالا قانات بۇزۇقلارغا ۋاقتىدا زەربە بېرىش لازىم. بۇ ھازىرقى رېئال
ۋەزىيەتتە بىزنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك رېئال ۋەزىپىمىز». ئا. ئابباسوۋنىڭ
يېتەكچىلىكىدە كونكرېت خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇندىن ئېتىبارەن ھەربىر
ساقچى ئورۇنلىرى مەسئۇل بولغان ھالدا ئۆز تەۋەسىدىكى خەنزۇ يولداشلارنى
تىزىملاپ بىر پارچە ئاق خەسسىگە «بۇ ياخشى ئادەم چېقىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن
چوڭ خەت يېزىلغان يەڭ بەلگىسى ياساپ بېلىكىگە باغلاپ قويدى. بەزىلىرىگە
ساقچى ئىدارە تەرىپىدىن قولىغا ئالاھىدە گۇۋاھنامە بېرىلدى. تەسادىپىي بەختسىز-
لىككە ئۇچرىغان بەزى خەنزۇ يولداشلارغا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ ئۆزى مەسئۇل
بولغان ھالدا ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ماددىي
جەھەتتىن غەمخورلۇق قىلدى. شۇنىڭدەك خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان
رايونلارغا قوراللىق خادىملارنى بەلگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۇردى.
بۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ ھەربىي باش شتابتىن ئىسلام دىنىدا بولمىغان ھەر مىللەت
خەلقىگە، بولۇپمۇ خەنزۇ پۇقرالارغا زىيانكەشلىك قىلىپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلغۇچى
بۇزۇقلارغا قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلۇپ ھەممە ئورۇنغا
ئېلان چىقىرىلدى، غۇلجا شەھىرى، جىڭ ناھىيىسى، شىخو ناھىيىسى، چۆچەك
ۋىلايىتى قاتارلىق جايلاردا بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بىرقانچە تۈلكىچەكلەرگە ئۆلۈم

جازاسى بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دائىرىسىدىكى جايلاردا ۋەزىيەت مۇقىملىشىپ، مىللەتلەر ئىناق، ئىتتىپاق، باراۋەر بولۇشتەك كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى كەيپىيات بارلىققا كەلدى ۋە ھەرقايسى مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

## 7. «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ ئىمزالىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىجراسى

ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى غەلىبىسىرى ئىلگىرىلەپ، ماناس دەرياسى بويىغا يېتىپ كېلىپ ئۈرۈمچىگە تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىدا تۇرغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تەلەپ ۋە پىكىرلىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۈچ ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئەينى چاغدىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتى جەزمەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي كۈرەش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بويسۇنۇشى لازىم. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئازاد بولۇش مەسىلىسىمۇ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە باغلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدە تىنچلىق-دېموكراتىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت سىياسىي تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ، شىنجاڭدا قوراللىق توقۇنۇشنى توختىتىشنى خالايدىغانلىقىنى ۋە ئۈچ ۋىلايەت مەسىلىسىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن، ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىر ھاجى، ئوبۇل خەيرى تۆرە قاتارلىقلار ئاساسلىق ۋەكىللىككە بەلگىلەندى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرەپتىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سىياسىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ سابىق بۇجاڭى گېنېرال جاڭ جىجوڭ قاتارلىقلارنى بەلگىلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتتى. جاڭ جىجوڭ 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۆز ۋەكىللىرى بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ۋەكىللىك سالاھىيەت رەسمىيەتلىرىنى كۆرۈشۈپ تۇنجى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلاشتى. سۆھبەتنىڭ باشلىنىشى بىلەن گومىنداڭ ۋەكىللىرى ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ زۇلۇمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى «دۆلەتكە يۈز ئاتقانلىق» دەپ قارىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بۇنىڭغا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى. بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت كەسكىن تالاش-تارتىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى غۇلجىغا

قايتىپ كېلىپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە سۆھبەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش جەريانىنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە ھەقىقەتەنمۇ تىنچلىق، سەمىمىيەتنىڭ يوقلۇقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز دەپ ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقنى ئاگاھلاندۇردى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر قاتار مەسىلىلەرنى دوكلات قىلدى. ئەينى چاغدىكى ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەتمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۈچۈن خېلى پايدىلىق ئىدى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا گومىنداڭغا قارشى قوراللىق، قورالسىز كۈرەشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى، بىرلىكسەپ ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر زاتلارنىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە بولغان بېسىمىنىڭ كۈچىيىشى، تۈرمىلەردىكى ھەر مىللەت مەھبۇسلىرىنىڭ تۈرمە ئىچىدە كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئىسكەنجىگە ئېلىپ قويغانىدى. شۇڭا، گومىنداڭ تەرەپ سۆھبەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلىدى. كەسكىن مۇنازىرە - كۈرەشلەر ئارقىلىق سۆھبەت تەڭپۇڭلۇق دەرىجىگە يەتتى. ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت ئاخىرلاش- قاندىن كېيىن ۋەكىللەر غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. غۇلجىغا بارغاندىن كېيىن مىللەتلەر مەجلىسى ئۆتكۈزۈلدى. مەجلىستە ئەخمەتجان قاسىمى دوكلات بېرىپ: «بىرىنچى قېتىملىق سۆھبىتىمىزگە قارىغاندا، ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبىتىمىز يەر بىلەن ئاسماندەك پەرق قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزگىرىشلىك بولۇشى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بىزنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىمىزنى تونۇغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، بىز گومىنداڭ ھۆكۈمە- تىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن 120 سائەت مۇنازىرىلەشكەنىمىز جەريانىدا، ئۇلار بىزنى 60 سائەت بومباردىمان قىلغان بولسا، بىزمۇ ئۇلارنى 60 سائەت بومباردىمان قىلدۇق. بىز سۆھبەتنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز نەتىجىسىدە مەسىلىنىڭ تىنچلىق بىلەن ھەل بولۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ ئېيتتى. ۋەكىللەر 1945- يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبەتنى باشلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلدى. بۇ جەرياندا جاڭ جىجۇڭمۇ تالاي قېتىم ئايروپىلان بىلەن چۇڭچىڭغا بېرىپ، جياڭ جيېشىدىن يوليورۇق سوراپ كەلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق سۆھبەتكە قارىغاندا خېلى ئۈنۈملۈك بولدى. ۋەكىللەر 1946 - يىلى 1 - ئايدا قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلىدىغان 11 ماددىلىق بىتىم لاھىيىسىنى ئېلىپ غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى بىتىمنىڭ ھەر بىر ماددىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى. 1946 - يىلى 5 - ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ، ۋەكىللەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن تۈزۈشكەن 11 ماددىلىق بىتىمنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى ئۇنى مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرىدا ئەزالار بىردەك: «ۋەكىللىرىمىزنىڭ دوكلاتىدا كۆرسىتىلگەن 11 ماددىلىق بىتىم ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرى ئەقىلغا مۇۋاپىق. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن تۈزۈلىدىغان شەرتنامىگە ئىمزا قويۇش ئۈچۈن، ۋەكىللىرىمىز رەھىمجان، ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئەخمەتجان قاسىملارغا ھوقۇق بېرىلسۇن» دېگەن قارارنى چىقاردى. مەزكۇر قارارغا ئاساسەن ۋەكىللەر يەنە ئۈرۈمچىگە كەلدى. ھەمدە گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچراشتى. 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنى ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى تەنتەنىلىك ھالدا 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمگە ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچىلىرىغا ئىمزا قويدى. 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 9-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قۇرۇش چارىسى» توغرىسىدا ئىككى تەرەپنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن قوشۇمچە ماددا ئىمزالىنىپ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتتىن 15 ئەزا ۋە گومىنداڭ مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن 10 ئەزا، جەمئىي 25 ئەزادىن تەركىب تاپقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

1945-يىلى 10-ئاينىڭ 17-كۈنى ۋەكىللەر ۋەكىللىك سالاھىيەتلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ سۆھبەتكە كىرىشكەندىن تارتىپ، سۆھبەت ئاخىرلىشىپ 11 ماددىلىق بىتىم ئىمزالانغان 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە سەككىز ئاي ۋاقىت ئۆتتى.

11 ماددىلىق بىتىم ئاساسىدا ئۆلكىدە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتكە گومىنداڭ تەرىپىدىن: ئۆلكە رەئىسلىكىگە جاڭ جىجوڭ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا ۋاڭ زېڭشەن، باش كاتىپلىققا لىيۇمىڭچۈن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا لويۇۋېن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىقىغا چۈۋۇ، ئەزالىققا گۇەن زېلىيالار تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت تەرىپىدىن: ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ئەخمەتجان قاسىمى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا سەيپىدىن ئەزىزى، ئىچكى ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا رەھىمجان سابىر ھاجى، سەھىيە باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا دەللىقان سۇگۇرباييوۋ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىقىغا ئوبۇلخەيرى تۆرە، ئىسھاقبېكلەر تەيىنلەندى. گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن: مۇئاۋىن رەئىسلىككە بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا سالىس، قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا مۇھەممەت ئىمىن، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا ماتىڭشيالار تەيىنلەندى.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى 11 ماددىلىق بىتىمگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 27-كۈنىدىكى

324 - سانلىق ھۆكۈمەت ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ، «ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ھاكىمبەگ خوجا، مۇئاۋىنلىقىغا ئىسىرئۇلجەيرى تۆرە، ئەنۋەر ئەپەندى، مۇسابايىۋ، مەسئۇل كاتىپلىقىغا ۋاققاس ھاجى، كېڭەشمە ئەزالىقىغا جەمئىي 32 كىشىنى تەيىنلەشنى قارار قىلىدى. 11 ماددىلىق بىتىمگە ئاساسەن ئالتاي، تارباغاتاي (چۆچەك) ۋالىي مەھكىمىلىرى، نازارەتلەر، ۋىلايەت دەرىجىلىك ئىدارىلەر، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى بارلىق ئاپپاراتلارنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى قارار قىلدى. بىتىم بويىچە ئۆلكىدە تۇرۇپ ئىشلەيدىغانلار قاتاردا ئەخمەتجان قاسىمى ئۈرۈمچىگە كەلدى.

11 ماددىلىق بىتىمنىڭ تۈزۈلگەنلىكى ۋە ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتە ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ كۈرەشلىرىنىڭ غەلىبىسى بولدى. بۇ غەلىبە نەتىجىسىدە، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قانۇنىي جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىشقا، سىياسىي جەھەتتە خەلققە ئانچە-مۇنچە يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۈبھىسىزكى، بۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە قىسمەن دېموكراتىيە، باراۋەرلىك ۋە مىللىي ھوقۇق ئېلىپ كەلدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئىمزالىنىشى ۋە بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئىنقىلاب غەلىبىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراپ، 11 ماددىلىق بىتىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ بارلىق بەلگىلىمىلىرىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلىشتا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇردى. ئەمما گومىنداڭ تەرەپ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە بۇزغۇنچىلىق، نەيرەڭۋازلىق قىلدى. 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ 1-ماددىسىدا: «مەسىلە ھەل بولۇپ بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدە ھەربىر ناھىيىدىكى خەلقلەر كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى تەشكىللەيدۇ. ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملارنى سايلايدۇ. قالغان ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلارنىڭ بۆلۈم باشلىقلىرىدىن يۇقىرى، خىزمەتچىلىرى ھاكىم تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ»، دەپ بەلگىلەنگەن. مۇشۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇئاۋىن رەئىس بۇرھان شەھىدى، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىق يولداشلارنى سايلام ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىرى قىلىپ بەلگىلەپ سايلام خىزمىتىنى يۈرگۈزۈش ھەم باشقۇرۇش ئۈچۈن 1946-يىلى 10-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتتى. ھەيئەت سايلام خىزمىتى يۈرگۈزگەندىن كېيىن گومىنداڭنىڭ بىر قىسىم ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قوراللىق-قورالسىز پىتنە ئىغۋا تارقىتىپ، سايلام خىزمىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، 11-ماددىلىق بىتىمگە خىلاپلىق قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن ئەخمەتجان قاسىمى جاڭ جىجوڭلار جەنۇبىي شىنجاڭغا باردى. ئۈچ ۋىلايەت

(ئىلى، چۆچەك، ئالتاي) دا بولسا، 11 ماددىلىق بىتىمگە سادىق بولۇپ، ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ روھى بويىچە خەلقچىللىق ئاساسىدا سايلام ئېلىپ بېرىپ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمما، گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋاتقان يەتتە ۋىلايەتنىڭ قەشقەردىن باشقىسىدا 11 ماددىلىق بىتىم ئىجرا قىلىنمىدى، ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم باشچىلىقىدىكى بىرقىسىم ئىلغار زاتلار 11 ماددىلىق بىتىمنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئىجراسىنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتتى ۋە بىرمۇنچە پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلار 11 ماددىلىق بىتىمنى قوغداپ، ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئورۇنلانغان جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. بىتىم بويىچە يەنە 1947 - يىلى 5 - ئايدا ئۆرۈمچىدە ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنى ئېچىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى سايلاپ چىقماقچى ئىدى. بۇ يىغىنغا بەلگىلىمە بويىچە ھەربىر ناھىيىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، بىردىن - ئۈچكىچە ۋەكىل كەلدى. ئۈچ ۋىلايەتتىن سەيپۇللايوۋ، نەبىجان، ئابلىمىت ھاجىيېۋ، يېھىسىن خوداببەردى، راخمانوۋ، ئەنۋەر خانبابا قاتارلىق 20 نەچچە ۋەكىل كەلدى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 200 دىن ئارتۇقراق ۋەكىل كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. سايلام يىغىنىدا گومىنداڭچىلار ۋە گومىنداڭ ئۆلكە رەئىسىنى ئۆز تەرىپىدىن تەيىنلەشتە يولسىزلىق بىلەن چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ھەر بىر ناھىيىسىدىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەم باشقا ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن ئىلغار، خەلقپەرۋەر ۋەكىللەر بۇنىڭغا قوشۇلماي، يىغىندىن چىقىپ كەتتى. بۇ كۈرەش ئىككى ئاي داۋام قىلدى. گومىنداڭ مەجبۇرىي ھالدا مەسئۇدنى رەئىس قىلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ بارلىق ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى.

گومىنداڭ تەرەپنىڭ مەسئۇتنى شىنجاڭ خەلقى جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، جاڭ جىجوڭنىڭ ئورنىغا رەئىس قىلىپ قويۇشى بىلەن شىنجاڭنىڭ بىر مەزگىل تەڭپۇڭلاشقان سىياسىي ۋەزىيىتى بۇزۇلدى. مەسئۇتنىڭ رەئىس بولۇشىغا قارشى شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە قاتتىق نارازىلىق نامايىشلىرى بولدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى گومىنداڭ ھەم گومىنداڭچىلارنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشنى، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلماسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قانچە ساھەلەر بويىچە ماقالە - نۇتۇقلار ئېلان قىلىپ ئۇلارنى «ئىنساپ» قا كەلتۈرمەكچى بولدى. لېكىن بۇ ھەققانىي سادالارغا گومىنداڭچىلار پىسەنت قىلمىدى. ئەكسىچە گومىنداڭچىلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ ئاخىرى بېرىپ قوراللىق ھەربىيلەرنى پۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنى قورشىۋېلىپ،

ئەخمەتجان قاسىمىغا سۇيىقەست قىلماقچى بولدى.

دۈشمەننىڭ رەزىل مەقسىتىنى دەرھال بايقىغان ئەخمەتجان قاسىمى كىشىلەرنىڭ توسۇۋېلىشىغا قارىماي، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ ئاتالمىش نامايىشچىلار ۋە گومىنداڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈزمۇ-يۈز كۈرەش قىلدى ۋە كېلىشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بەردى. مۇشۇ نامايىشنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۈرۈمچىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى يامانلاشتى. 3-ئاينىڭ 5-كۈنى ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، ئۈرۈمچىدە كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى سەۋەبسىز، ئاساسسىزلا ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ خەلقنى تۇتقۇن قىلىپ قاماپ قويدى. بۇ چاغدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەر ئىنتايىن زور سەۋرچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇچقۇننىڭ ئوت بولۇپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

گومىنداڭچىلار ئارقىدىنلا ياۋۇزلۇق بەت-بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئاشكارىلاپ ئوسمانىنى ۋاستە قىلىپ ئالتايغا ھۇجۇم قىلدى. گومىنداڭچىلارنىڭ بۇ ھۇجۇمى ئالتايدىكى مىللىي ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق بىت-چىت قىلىندى. مەشقەردە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن ۋىلايەتنىڭ بىر قىسىم ئىلغار پىكىرلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى قولغا ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى يەتتە ۋىلايەتتە گومىنداڭچىلارنىڭ تەلۋىلەرچە يۈرگۈزگەن زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى ئەدەشكە باشلىدى. يەتتە ۋىلايەتتە تۇرۇش ئىمكانىيىتى قالمىغان زور بىر تۈركۈم ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر ئەركىنلىك، ئازادلىق خەلقچىللىق ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسى، ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ئىنقىلاب بۆشۈكى بولغان غۇلجىغا يۆتكىلىشكە باشلىدى. جۈملىدىن مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما رەئىسى، قازاق-قىرغىز ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي ئۆزبېك ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي تاتار ئۇيۇشما رەئىسى، مەركىزىي ئۇيغۇر گېزىتى مۇھەررىرلىرى، مەركىزىي قازاق-قىرغىز گېزىتى مۇھەررىرلىرى ئارقىمۇ-ئارقا ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا باردى. ئاخىرى ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئەزالىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق بەدىلىگە قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەت كۈچتىن قالدى. ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى غۇلجىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ گومىنداڭچىلار يەنىلا تۈرلۈك رەزىل تۆھمەتلەرنى چاپلاپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇشنى توختاتمىدى. 1946-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنقىلاب بىلەن ئەكسىلئىنقىلاب ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يېيىپ، سىياسىي ۋەزىيەت يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەدەنىيەت-مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، نەشرىيات، گېزىت قاتارلىق ساھەلەر ئىچىدە، سىياسىي جەھەتتىن ئىككىگە ئايرىلدى.

www.uyghurkitap.com

ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ۋە خەلقچىل زاتلار بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتنى ئىقتىسادىي جەھەت-تىن جازالاپ زەربە بېرىشنى مەقسەت قىلدى. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىدىغان تۆۋرلۈك ئىقتىسادنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئەھۋاللار ئۈچ ۋىلايەتكە مەلۇم قىيىنچىلىق تۇغدۇرغان بولسىمۇ، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە يېتەكچىلىكىدە، بىر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈپ، قىيىنچىلىق ئۆتكەلدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەگەر بىز ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىمىزنى ساقلاپ قالىمىز دېسەك، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك. ئىقتىسادىي ئەھۋالنى مۇستەھ-كەملەش دېگەن سۆز يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ چۈشۈرۈپ بەرگەن ئىقتىسادىي پىلانىغا تولۇق رىئايە قىلىپ، مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش دېگەنلىكتۇر. مالىيە ئىنتىزامىغا تولۇق رىئايە قىلماي تۇرۇپ، ئىقتىسادنى ھەرگىز مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسىتىش بىلەن ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بولغان نىزام ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەپ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىنىدىغان ئەمەلىي خىزمەتلەرنىمۇ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن پۈتۈن مالىيە كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئاجراتتى ۋە شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ باردى. توغرا ئىقتىسادىي سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن ئۈرۈمچى ۋە يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا ئاسمان بىلەن يەر پەرقى بولۇپ، ئۈرۈمچى ۋە يەتتە ۋىلايەتتە پۇل پاخاللىقى ئەۋج ئېلىپ، مال باھاسى ئۈچ ۋىلايەتتىن نەچچە ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەتتە توقچىلىق، مەمۇرچىلىق، باياشاتچىلىق ئورناپ، تۇرمۇش خاتىرجەم بولۇپ، ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى مۇقىم بولدى. ئەخمەتجان قاسىمى غۇلجىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەستايىدىل ئەسلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇندىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق باش قاتۇردى. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. چوڭقۇر چۆكۈپ ئۆگەندى. ئىزدىنىشلەر نەتىجىسىدە بىر قانچىلىغان سىياسىي خاراكتېرلىك ماقالىلارنى — «تۈزۈلمەس ئىپلاسلارنى نېمە قىلماق كېرەك؟»، «ئۆتكەنكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كەمچىلىكلەرنى تۈزىتەيلى»، «ئۇلۇسچىلار كىملەر ۋە ئۇلار ئۆز مىللىتىگە قانداق خىيانەت قىلىدۇ؟»، «ئىنسانلار ھوقۇقى نىقابى ئاستىدا، ئىنسانلار ھوقۇقىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىنىشى»غا ئوخشاش ماقالىلارنى يازدى. ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە يېڭىلىقلارنى ئۆتكۈزۈپ خەلقئارا ۋەزىيىتى، مەملىكەت ھەم ئۆلكە ۋەزىيىتى شۇنداقلا خەلق ئازادلىق

ئارمىيىسىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ھەققىدىكى ئەھۋاللار ئۈستىدە چۈشەنچىلەرنى بېرىپ، خەلق ئارمىيىسىنى مۇھىم ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىپ تۇردى. ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەرساھە خەلقلىرىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋە قوغدايدىغان كۈچلۈك ئىتتىپاقلاشقان ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ (تەشكىلاتنىڭ) بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇپ يەتتى ۋە «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش دېموكراتىك ئىتتىپاقى» نى تەسىس قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ تەشەببۇس ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئاشكارە ۋە يەر ئاستى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقىدىن ئۆتتى، ئۇلار بۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن 1948 - يىلى 8 - ئايدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت ناھىيىلىرىدىن غۇلجىغا كەلگەن ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، بۇ تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلدى. قۇرۇلتاي بىر ئېغىزدىن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ سىنالغان رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى سايلىدى. ھەمدە تەشكىلاتنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىنى بەلگىلەپ چىقتى. دېموكراتىك ئىتتىپاق ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. دېموكراتىك ئىتتىپاقنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بويىچە ھەرقايسى ۋىلايەت، ناھىيە، رايون يېزا - مەھەللىلەردە يەرلىك تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ھەر مىللەت خەلقى قىزغىنلىق بىلەن بۇ تەشكىلاتقا ئەزا بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئىتتىپاق ۋە ئۇنىڭ رولى توغرىسىدا ئەخمەتجان قاسىمى: «بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ، ئۆز ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خەلقچىللىق يولىدا باشقا يول بار دەپ ئىزدەنگۈچىلەر مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ دوستى بولالمايدۇ. مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز - خەلقچىللىق سىياسىي بىلەن بىرلىكتە جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىش يولى بىلەنلا غەلىبە قازانغۇسىدۇر. لېكىن غەلىبە قازىنىش يولىنى تۈز، ھېچقانداق توسقۇنلۇققا ئۇچرىمىغان، ياسالغان تاش يولغا ئوخشاش دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلابىي خەلقچىللىق كۈچ غەلىبە قازانغانسېرى، ئەكسىيەتچىل قارا كۈچلەرنىڭ توسقۇنلۇقىغا شۇنچە ئۇچرايدۇ. شۇ توسقۇنلۇقلارنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرۈپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشىگە ئۇنىڭ پۇتلىكاشاڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ بىرلەشكەن كۈچى ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدىلا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دېموكراتىك يولنى پاك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ سادىق ۋە ئىلغار پىكىرلىك پەرزەنتلىرىنىڭ ئۇيۇشقان بىر سىياسىي تەشكىلاتى بولۇش كېرەك ئىدى».

ئۈچ ۋىلايەت ئازاد بولغاندىن تارتىپ بىتىمگە قەدەر ۋە بىتىمدىن كېيىنكى تەجرىبە ساۋاقلار بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر تەشكىلاتقا مۇھتاج ئىكەنلىكىمىزنى

ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلقىمىزنىڭ ئىلغار پىكىرلىك خەلقچىل ئۇنسۇرلىرى، ئىلغار زىيالىيلىرى ئىلغا تۇرۇپلىنىپ بۇ سىياسىي تەشكىلاتنى قۇردى. بۇ تەشكىلات خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەش، بۇلارنى سىياسىي جەھەتتىن ئاگاھلاندۇرۇشقا يېتەكلەش ھەمدە كۆپچىلىكنى ئۇمۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدىغان قىلىپ تاۋلاپ مېڭىشى لازىم. مۇستەملىكىچىلىك، جاھانگىرلىك سىياسىتىگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا باشلاپ مېڭىشى لازىم. ئۇ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىمىزدىكى ھەممە مىللەتنىڭ ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تەمىن ئېتىشكە قارىتىلغان سىياسىتىنى ھەقىقىي چىن ئەمەلىيىتى بىلەن ھىمايە قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بىرلىك ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىزنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىش كېرەك بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

## 8. رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەخمەتجان قاسىمىغا يازغان تېلېگرامما خېتى

شىنجاڭ غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە

ئەخمەتجان ئەپەندىگە:

ئىلىمىزنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا ۋە جاڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى پات ئارىدا پۈتۈن جۇڭگو مىقياسىدا غەلىبە قىلىدۇ. پۈتۈن جۇڭگودىكى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دالا ئارمىيىلىرى، ئازاد رايونلار، دۆلەت ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەستايىدىل تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق ٩-ئاي ئىچىدە بېيپىڭدە ئومۇمىي يىغىن ئاچىدۇ. بۇ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي يىغىن مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈش، ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن باشقا، يەنە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىقىدۇ. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنى سايلاپ چىقىدۇ. سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى

كۆرەشلەر يېڭى جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. غەربىي شىمالدىكى خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ تولۇق ئازاد بولىدىغان ۋاقىتقا ئانچە ئۇزۇن قالمىدى. سىلەرنىڭ كۆرەشلەر پات ئارىدا ئەڭ ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بىز سىلەرنىڭ ئۆز ۋەكىللىرىڭلار سۈپىتىدە بەش كىشىنى مەملىكەتلىك خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەسمىي يىغىنىغا قاتنىشىشقا ئەۋەتىشىڭلارنى چىن قەلبىمىزدىن قارشى ئالىمىز. ئەگەر قوشۇلساڭلار 9 - ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى ئىچىدە بېيجىڭغا يېتىپ كېلىشىڭلارنى سورايمىز. تېلېگرامما يېتىپ بارغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

يېڭى سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى: ماۋزېدۇڭ.

1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. بېيجىڭ

## 9. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەئىس ماۋزېدۇڭغا يوللىغا جاۋاب تېلېگراممىسى

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشكە تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتىنىڭ رەئىسى قەدىرلىك ماۋزېدۇڭ ئەپەندىگە:

خېتىڭىزنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. خەتتە ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئۆلكىمىزدىكى بارلىق خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى.

بىز جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى ئۆلكىمىزنىڭ جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭمۇ ئۇلۇغ غەلىبىسى دەپ ھېسابلايمىز.

خېتىڭىزدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشكە قوشۇلىدىغانلىقىمىزنى خۇشاللىق بىلەن بىلدۈرىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: يەۋقۇلئاددە رايون خەلقىنىڭ ۋەكىلى: ئەخمەتجان قاسىمى. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. غۇلجا

## 10. ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى

ئۇلۇغ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغان تۇنجى قېتىملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىياسىي كېڭەش يىغىنىنى ئېچىلىش ئالدىدا، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرىنى بۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىپ تېلېگرامما كەلدى. ۋەكىللەرنى بېيجىڭغا ئالاھىدە ئۇزۇتىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئەۋەتكەن ۋەكىللەر گۇرۇپپىسى يولداش دېڭ لىچۈن باشچىلىقىدا غۇلجىغا كەلگەندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ باشچىلىقىدىكى غۇلجا ئالاھىدە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋلار يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن بىر قانچە كۈن قىزغىن سۆھبەت ۋە مۇزاكىرىلىشىش ئارقىلىق، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا ۋە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بولىدىغان جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەزالىرىنى بەلگىلەپ چىقتى. ئۇلار: ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنۇنوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان سۇگۇربايېۋ ۋە لوجىدىن تەركىب تاپتى.

يۇقىرىدىكى تېلېگراممىنى يوللاپ ئاز كۈن ئۆتمەيلا 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كەچ سائەت يەتتىلەردە ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك مۇنونوۋ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، گېنېرال مايور دەلىلقان سۇگۇربايېۋ، لوجى ۋە خىزمەتچىلەردىن ئابدۇرېشىت، غەنى كەرىموۋ ھەم ئوسمانجان ناسىرلار بېيجىڭغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا غەربىي شىمال تولۇق ئازاد بولۇپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ تەرەپ بىلەن مېڭىش خەتەرلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى زېمىنى ئارقىلىق ماڭغانىدى. ئۇلار ئايروپىلاندا بايقال تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈپ قېلىن تۇمان ھەم جىلغىلارنى بېسىپ ئۆتۈۋاتقاندا ئايروپىلان ھادىسىگە ئۇچرىدى. ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر ۋە خىزمەتچىلەر مۇشۇ جىلغىدا بەختسىزگە قارشى قۇربان بولدى. ئۇلار بىزدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى.

### 11. رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسى

شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىدىكى سۆيۈملۈك يولداشلار:

شىنجاڭ خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقۇچى 1 - تۈركۈم ۋەكىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان، شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى يولداش ئىسھاقبېك،

شىنجاڭ تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش ئابدۇكېرىم ئاباسوۋ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى يولداش دەلىلقان سۇگۇرباييوۋ ۋە شىنجاڭ-جۇڭگو - سوۋېت مەدەنىيەت جەمئىيىتىدىن يولداش لوجىلار 1949 - يىلى 9 - ئايدا بېيجىڭغا كېلىۋاتقاندا، ئايروپىلان ھادىسىسى بىلەن بەختسىزلىككە ئۇچرىدى. بۇ شىنجاڭ خەلقى ۋە جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن زور بىر يوقىتىش، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمەن.

ئەمما ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش نەپەر يولدىشىمىز ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى ئۈچۈن قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش يولىدا قۇربان بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەڭگۈ خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ.

يولداش ئەخمەتجان قاسىمى، يولداش ئىسھاقبېك، يولداش ئابدۇكېرىم، يولداش دەلىلقان ۋە يولداش لوجىلار مەڭگۈ ھايات!

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى: ماۋزېدۇڭ.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى.

## 12. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىگاھى

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى 1950 - يىلى 4 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن غۇلجىغا كەلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا تۇتقان ماتەم ھازىسىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقىنىڭ گۇۋاھىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە شېھىت بولغانلار شېھىتكارلىقى (ھازىرقى ئوبلاستلىق پارتىيە مەكتەپ ئورنى) غا دەپنە قىلىندى.

1958 - يىلى ھازىرقى خەلق باغچىسىنىڭ غەرب تەرىپىدىن يېتەرلىك جاي ئاجرىتىلىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەتلىرى شۇ ئورۇنغا كۆچۈرۈلدى. قەبرىلىرى ئالاھىدە قىلىپ ياسالدى. قەبرىلەر ئالدىدىكى كەڭ سەينانىڭ ئوتتۇرىسىغا بەش بۇرجەكلىك ئېگىز مۇنار تۇرغۇزۇلۇپ، مۇنارنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەۋەتكەن تەزىيە تېلېگراممىسى ۋە تۆۋەندىكى يادنامە ئويۇپ يېزىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ياددنامە

ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مىللىي ئازادلىق ۋە خەلق دېموكراتىك ئىنقىلابىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 1949 - يىلى جۇڭگو خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلىشقاندىن كېيىن ئۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى نامىدىن بېيجىڭدا ئېچىلغان جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋېتىپ بەختكە قارشى ئايروپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولدى.

قۇربانلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئىنقىلابىي تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى مەڭگۇ ياشنايدۇ.

1959 - يىل 27 - ئاۋغۇست.

خاتىرە مۇنارىدىن بىرقانچە ئون مېتىر شەرق تەرەپكە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن يەتتە ئېغىزلىق ئۆي، ئىشخانا يەنى «ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى» سېلىنىپ، مەرھۇملارنىڭ ھايات ۋاقىتلىرىدا قىلغان ئىش - ئىزلىرى، سۈرەتلىرى قويۇلغان. خاتىرە سارايدا كۆپچىلىك مېھمانلار ئۈچۈن دىۋان، ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئەتراپىنى بۈك - باراقسان قىلىن ئورمانلار قاپلىغان، ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇشۇ ئورۇندا ئەبەدىي ئۇيقۇدا خاتىرجەم ياتىدۇ.

## خاتىمە

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا 40 نەچچە يىل بولدى. بۇ ئىنقىلابنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلەردىكى تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىدىكى تۇتىدىغان تارىخىي ئورنى ئەبەدىي ساقلىنىدۇ.

يولداش ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىگە ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قان تۆكۈپ، قۇربان بېرىپ ئازاد قىلغان رايوننى «غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونى» دەپ ئاتىدى؛ ھەر مىللەت خەلقى تەشكىللىگەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنى «خەلق ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتىدى ھەمدە يولداش ئەخمەتجان قاسىمىنى غۇلجا پەۋقۇلئاددە رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى دەپ ئېتىراپ قىلدى. كىشىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلىدىغىنى شۇ بولدىكى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «سىلەرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى كۈرەشلار پۈتكۈل جۇڭگو

خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى» دەپ ئېيتتى.

مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە مەزكۇر ئىنقىلابنىڭ تارىخىي ئەھۋالى توغرىسىدا بىر ئەسلىمە يېزىشنى ئۆزۈمدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان ئىدىم. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى باينغۇلىن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەش ئۇيۇشتۇرغان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بىرگە غۇلجىغا بېرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قۇربانلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇپ، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېك، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ، دەلىلقان ۋە لۈجى قاتارلىق خەلق پەرزەنتلىرىنىڭ يۈكسەك ئوبرازى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. قەلبىمدە ئۇرغىغان ھاياجان ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى مېنىڭ مەزكۇر ئەسلىمىنى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى.

ئەسلىمىنى يېزىشتىن ئىلگىرى مەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر نۇرغۇن تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆردۈم، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلىدىم. يۇقىرىدىكى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئەھۋاللارنى ئۆزۈم بىلىدىغان ئەھۋاللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا، تەھلىل قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتىم.

مەزكۇر ماقالىنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى بىر قەدەر نوپۇزلۇق شەخسلەردىن يولداش سەيپۇللايوۋ ماقالىنى كۆرۈپ قويۇپ: «مەزمۇنىدىن ئالغاندا توغرا، مەسىلىسىز سەزمىدىم» دەپ يازدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى لايىق تاپتىمكى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدەك مۇنداق بىر كاتتا تارىخىي ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىشقا مېنىڭ بۇ كىچىك ماقالەم بەكمۇ ئازلىق قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، تارىخىي پاكىتلارنى بايان قىلىش جەريانىدا بەزى نۇقسانلاردىن ساقلىنالمىشىمۇ تەس. كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي ۋە تۈزىتىش-تولۇقلىمىدىكى پىكىرلىرىنى ھەر ۋاقىت ئاڭلاشقا تەييارمەن.

# «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى ئارشاكلار خاندانلىقى توغرىسىدا

شىرىن قۇربان

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئۇلۇغ تارىخچىسى سىماچيەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 145-يىلى تۇغۇلغان) نىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ناملىق نادىر ئەسىرى قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىيىتى توغرىسىدا بىزگە ناھايىتى مول مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ كاتتا تارىخىي ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىلىقىدا، ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە، تارىخىي قىممەتكە ۋە ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە. خۇددى فرانسىيەنىڭ ئاتاقلىق جۇڭگوشۇناسى لۇئىس دامبىس (1906-1978) كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «ئەگەر جۇڭگوشۇناسلىق تەتقىقاتى بولمىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخ تەتقىقاتى ئاساسىنى يوقىتىپ قويغان بولاتتى»، «2000 يىلدىن بۇيانقى خەنزۇچە ۋەسىقىلەر بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك ھۆججەت بولۇپ كەلدى. چۈنكى، بىز خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرى ئارقىلىقلا ئېنىقراق چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز». دەرۋەقە. قەدىمكى خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللار ئىچىدە، سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر سۈپەتلەش توغرا كەلسە، سىماچيەنمۇ خۇددى ھىرودوت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 484-425-يىللار) كەبى «تارىخ پىرى» دۇر. بىز ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىمۇ ئۆز ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئالدى بىلەن خەنزۇچە ۋەسىقىلەردىن، جۈملىدىن «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن بىلەلەيمىز. بۇ ماقالىدا، «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى دۆلىتى- ئارشاكلار توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ نامى توغرىسىدا

«ئارشاك» ئاتالغۇسى مەزكۇر خاندانلىقنىڭ بۈيۈك بەرپاچىسى — ئارشاك (ياۋروپالىقلار «ئارساكېس» دەپ ئاتايدۇ) نىڭ نامى. تەخمىنەن مىلادىدىن

بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا ياپلاقلىرىدىكى شەرقىي ئىران قەبىلىسى بولغان ساكلار ئۆز سەركەردىسى ئارشاكنىڭ قوماندانلىقىدا، ئىراننىڭ بىر مەمۇرىي ئۆلكىسى بولغان پارتفىيە (پاتىيە، فارفىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ) گە كىرىپ، بۇ يەرنىڭ يەرلىك ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گىرېك قۇلدار - ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پارتفىيەدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىلدىن مىلادىنىڭ 226 - يىلىغىچە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىدا جەمئىي 500 يىل سەلتەنەت سۈرگەن «ئارشاكلار خاندانلىقى» نى قۇرغان. بۇ خاندانلىق سەركەردە ئارشاك رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغاچقا، تارىختا «ئارشاك خاندانلىقى» دەپ ئاتالسا، قۇرۇلغان جاي نامى بىلەن «پارتفىيە خاندانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىزنىڭ قەدىمكى تارىخنامىلىرىدا «ئارشاك خاندانلىقى» «ئەنشى» (安息) دەپ ئاتالغان. بىر قىسىم تارىخشۇناسلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدىكى «ئەنشى» (安息) سۆزى «ئارشاك» (ئارساكېس) سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىكەن.

## 2. ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى پارتفىيە كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلىرىنىڭ سېلۇېكلار خاندانلىقى ئەزگۈچىلىرىنىڭ ئېزىشىگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلى ئەھمىندلار سۇلالىسى (پېرسىيە ئىمپېرىيىسى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 550 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ماكېدونىيىلىك ئالېكساندىر (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356 — 323 - يىللار) تەرىپىدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى خېلى بىر مەزگىلگىچە گرېك ئىمپېراتورىسى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 330 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان) ۋە سېلۇېكلار خاندانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 246 - يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالدى. گرېك ئىمپېراتورىسى بىلەن سېلۇېكلار خاندانلىقى يات مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەتلىرى ئىدى، ئۇلار يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىغا پىسەنت قىلماي، ھەدېسىلا گرېكلاشتۇرۇشنى ئىلىپ باردى. بولۇپمۇ سېلۇېكلار ھاكىمىيىتى تەركىبىدىكى چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك گرېكلار بولۇپلا قالماي، ئالېكساندىر شاھ دەۋرىدە سوغدىيانا قاتارلىق جايلاردا يەرلىك كىشىلەردىن قوبۇل قىلىنغان ئەمەلدارلارمۇ ماكېدونىيىلىكلەرگە ئالماشتۇرۇۋېتىلگەن. مەدەنىيەت جەھەتتە، سېلۇېكلار خاندانلىقى شاھى گرېكلاشتۇرۇشنى ئىسكەندەرىيىمۇ بەكرەك يولغا قويغان. ئىسكەندەر

www.uyghurkitap.com

زولقەرنەيىن گرېك مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى بىرلەشكەن گرېك - ئوتتۇرا¹ ئاسىيا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، سېلۋېكلار نوقۇل گرېكلاشتۇرۇشنى يولغا قويغان. شۇ سەۋەبلىك، ھەممە يەردە گرېكلار يوسۇنىدىكى قورۇلۇشلار، رەڭگا - رەڭ گرېك ئىلاھخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئىسكەندەر ئۆز ۋاقتىدا پارس كالېندارىنى قوللانغان بولسا، سېلۋېكلار ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سېلۋېكلار خاندانلىقى قۇرۇلغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 312 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى ئۆز كالېندارىنىڭ باشلام كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. سېلۋېكلار يەنە مەخسۇس گرېكلار ئولتۇراقلاشقان شەھەر ۋە يېزا-كەنتلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇلارغا گرېك ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى نام قىلىپ قويغان.

سېلۋېك ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇ خىل مىللىي زومىگەرلىكىگە قارىتا يەرلىك خەلقلەرنىڭ نارازىلىقى ئەۋجىگە چىققانىدى. باكتېرىيىدىكى ئاقسۆڭەك ئارشاك يەرلىك خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە سېلۋېكلارنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشكەنلىكىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 250 - يىللىرى ساكلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، پارتىيىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سېلۋېكلار ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، ئارشاكلار خاندانلىقىنى قۇردى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئارشاكلارنىڭ زېمىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ كۆپ قىسمىنى، ئىران ئېگىزلىكىنى ۋە ئېفرات دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى مېسوپوتامىيە رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئارشاكلارنىڭ شىمالدىكى دۆلەت چېگرىسى ئامۇ دەرياسىغىچە يېتىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتكە ئايلانغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئارشاكلار خاندانلىقى شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك روما دۆلىتىگە دۇچ كەلدى. قۇللۇق تۈزۈمىدىكى روما دۆلىتى بۇ چاغلاردا شەرققە قاراپ كېڭەيمىچىلىك قىلماقتا ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 53 - يىلى ئارشاكلار بىر قېتىملىق زور جەڭدە روما ئارمىيىسىنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ، سپارتاك قوزغىلىڭىنى باستۇرغان روما باش سەركەردىسى جاللات كىراسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ يەنە كۆپ قېتىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقايسىسى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق كۈرەشنى ئاخىرقى ھېسابتا ساسانىلار خاندانلىقى (يېڭى پىرسىيە ئىمپېرىيىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىنىڭ 226 - يىلىدىن 642 - يىلىغىچە سەلتەنەت سۈرگەن) نىڭ ئارشاكلارنى مەغلۇپ قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشقان.

ئارشاكلار سۇلالىسى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەت

بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئۇ باكتىرىيە خانىدانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىر) بىلەن سېلۋكىلار خاندانلىقىدىن خاراكتېرلىك پەرقلىنىدۇ.

## 3. ئارشاكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى

ئارشاكىلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، گەرچە يەنىلا ئىپتىدائىي كوممۇنا تۈزۈمىنىڭ ئالامەتلىرىنى ساقلاپ قالغان كۆپلىگەن كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن شەھەر ۋە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا قۇللۇق تۈزۈم شەكىللەنگەنىدى. پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، قۇللۇق تۈزۈمدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئالدىنقى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىغا ئايلانغانىدى.

ھاكىمىيەت جەھەتتە، ئارشاكلار خانلىقى كېڭەش تۈزۈمىنى قوللانغان. كېڭەش شاھنىڭ ئۇرۇق-جەمەتلىرى، زەردۇشت دىنىنىڭ مۇتەپەككۇر زاتلىرى ۋە باشقا ئابرويلۇق ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىل تاپقان. روما تارىخچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ كېڭەش قابىلىيەتسىز، ناكەس ئەمەلدارلارنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا دانىشمەنلەرنى كېڭەشكە قاتناشتۇرغان.

ھەربىي جەھەتتە، ئارشاكلار ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغان. ئۇلار ئېغىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ۋە يېنىك ئاتلىق ئەسكەرلەرنى تەسىس قىلغان. ئېغىر ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىل تاپقان بولسا، يېنىك ئاتلىق ئەسكەرلەر كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەردىن تەشكىل قىلىنغان. ئارشاكلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمى نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان. ئۇلارنىڭ ھەربىي ئۇرۇش تاكتىكىسى خاسلىققا ئىگە بولغان. بۇ ھەقتە ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: «قەدىمكى زاماندىكى ئارشاكلار مۇشۇنداق قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى بۇرۇنلا بىلگەنەن. ئەينى چاغدا ئۇلار رومانىڭ باش قوماندانى كىراس ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى ئۆز دۆلىتى ئىچىگە باشلاپ كىرىپ، ئاندىن ئارقىدىن قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنى يوقاتقان» (باباجان غاپۇروۋ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 114-بەت).

## 4. ئارشاكلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى

جۇڭگو تارىخچىسى سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» 123-جىلد پەرغانە تەزكىرىسى» دە ئارشاكلار توغرىسىدا ناھايىتى مول مەلۇماتلار بار. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، «ئارشاك (پارتىيە) چوڭ ياۋچىلارنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن تەخمىنەن

بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم كېلىدىكەن. خەلقى شەھەر سېلىشقا ئادەتلەنگەن. ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەنىكەن. دېھقانچىلىق قىلىپ، شال، بۇغداي تېرىيدىكەن. ئۈزۈم شارابى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. شەھەر قورۇلۇشلىرى پەرغانىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭغا چوڭ-كىچىك بىرنەچچە يۈز شەھەر قارايدىكەن. يەر مەيدانى بىر نەچچە مىڭ كۋادرات چاقىرىم بولۇپ، غەربىي ئەللەر بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن. جەيخۇن (ئامۇ) دەرياغا يۈزلىنىپ تۇرىدىكەن. سودا بازارلىرى بار ئىكەن. سودىگەرلەر ھارۋا ياكى كېمىلەردە يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە ياكى بىر نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايلارغا بېرىپ سودا قىلىدىكەن. بۇ دۆلەتتە كۈمۈش تەڭگە خەجلىنىدىكەن. تەڭگىلەرگە خانلىرىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، خان ئۆلسە، يەنە باشقا تەڭگە چىقىرىلىپ، ئۇنىڭغا يېڭى خاننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلىدىكەن. ئۇلارنىڭ غەربىدە تاجىك (تەزىك)، شىمالىدا بولسا، ئائورسى ۋە رىم بار ئىكەن.» («تارىخى خاتىرىلەر» 123-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 492-بەت).

چېگرىدىن ئۆتۈپ سودا قىلىش ئارشاكلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى. ئەينى زاماندا غەربتىكى گرېتسىيە، روما بىلەن شەرقتىكى جۇڭگو، ھىندىستانلارنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاساسىي سودا يولى ئارشاكلار ئېلىدىن ئۆتەتتى. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئارشاكلار خاندانلىقى، گرېك-باكتېرىيە خاندانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سېلۇكىلار خاندانلىقى ۋە روما قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدى. شۇڭا، ئارشاكلار دۆلىتى شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودىدا پىششىق، پۇختا سودىگەر دۆلەتكە ئايلانغان. ئارشاكلار ئۆز دەۋرىنىڭ خەلقئارا سودىنى كونترول قىلىۋالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى گۈللىنىپ، دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان، قول سانائەت راۋاجلانغان، بىناكارلىق، نەققاشچىلىق ۋە ئالتۇنچىلىق ئىشلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن چوڭ-كىچىك شەھەرلەر ئارقا-ئارقىدىن بىنا قىلىنىپ، شەھەر تۇرمۇشى جانلىنىپ كەتكەن. لېكىن ئارشاكلارنىڭ زېمىندە ئىپتىدائىي كوممۇنا ئىقتىسادىنىڭ قالدۇق تەسىرى يەنىلا مەلۇم دائىرىدا مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭدىن ئارشاكلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشىسىزلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

### 5. ئارشاكلارنىڭ مەدەنىيىتى

ئارشاكلار شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا مەركىزى بولغاچقا، شەرق-غەرب مەدەنىيىتى بۇ يەرگە كىرىپ، ئەسلىدىكى يەرلىك مەدەنىيەت بىلەن

بىرلىشىپ، سەلتەنەتلىك ئارشاك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئارشاك خاندانلىقىنىڭ خانى ئارشاك ۋە ئۇنىڭ ئاكا-ئۇكا قېرىنداشلىرى ئۆزلىرىنى ئەھمەنىدلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئارتاكېشىر II نىڭ نەۋرىلىرى ھېسابلايتتى. ئەگەر مۇنداق بولغاندا، ئارشاكلار قەدىمكى پېرسىيە مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسلىرى بولىدۇ-دە، ئارشاكلار مەدەنىيىتى تېخىمۇ كەڭ ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ.

تىل-يېزىق جەھەتتە، ئارشاكلار پارتىيە تىل-يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بۇ تىل-يېزىق تارىختا ئادەتتە «پەھلىۋى تىل-يېزىقى» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. تارىختىن ئايانكى، «پەھلىۋى تىلى» «زېند ئاۋېستا تىلى» (ئەڭ قەدىمكى زاماندىكى پارس تىلى) نىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئادەتتە «ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئارشاكلاردىن كېيىن قۇرۇلغان ساسانىيە پارس خاندانلىقىمۇ «پەھلىۋى تىلى ۋە يېزىقى» نى قوللانغان. بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئاتەش دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «ئاۋېستا» مۇ ساسانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە پەھلىۋى تىل-يېزىقىدا رەتلىنىپ كىتابقا ئايلانغان. ئەسلىدىكى «ئاۋېستا» 12 مىڭ ئىشلانغان كالا تېرىسىگە ئالتۇن خەت بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىرانغا بېسىپ كىرگەندە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. 1948-يىلى كونا نىسا شەھرىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانىدا، زور مىقداردىكى مەي جاملىرى (رومكا) تېپىلغان. جاملار ئۈستىدىكى يازمىلار مىلادىدىن بۇرۇنقى I، II ئەسىرلەردىكى ئارشاكلار ئىشلەتكەن پەھلىۋى يېزىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، ئارشاكلار ئىلىدا خىلى مۇرەككەپ ئېتىقاد بارلىققا كەلگەن. قۇياش ئىلاھى، مىترائا چوقۇنۇش، ئارشاكلار داھىسى ئارشاكقا چوقۇنۇش، يونانىنىڭ نەزىر-چىراق ئېتىقادچىلىقى، زەردۇشت بەرپا قىلغان ئاتەش دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، كېيىنرەك بۇ يەرگە تارقالغان خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش، ئارشاكلار دۆلىتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈكرەك ئېتىقاد ھادىسىلىرى ئىدى. مىلادىيىنىڭ I ئەسىرگە كەلگەندە، زەردۇشت ئىخلاسمەنلىرى ئارشاكلار خاندانلىقىدا قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. ئارشاكلار شاھى ۋالاگېسىز I ئاتەش دىنىنى قوبۇل قىلىپ، «ئاۋېستا» نى مۇقەددەس دەستۇر قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئارشاكلار خاندانلىقىنىڭ پۇللىرىدا گرېك ئېبۇيىدا يېزىقىنى يېزىش ئەنئەنىسى بۇزۇلۇپ تاشلىنىپ، پەھلىۋى تىلىنىڭ يېزىقى يېزىلىدىغان بولىدى. مانا مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ، زەردۇشت دىنى ئارشاكلارنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى. زەردۇشتىزمچىلار ئارشاك خاندانلىقىدا ئەڭ ئالىي مەرتىۋە ۋە مەنسەپكە ئېرىشتى.

ئەدەبىيات-سەنئەت جەھەتتە، ئارشاكلار ئەدەبىياتىنى، ئادەتتە «پەھلىۋى ھېكايىلىرى»، «پالۋانلار قىسسىلىرى»، «پەھلىۋى ناخشا-بېيىتلىرى» نامى بىلەن ئەدەبىيات تارىخىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە كەلگەندە،

تاجىك ئېپوسچىلىقىنىڭ مىسلىسىز نامايەندىسى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسى (مىلادى 940 — 1020 - يىللار) ئارشاكلار خانىدانلىقى دەۋرىدىكى «پالۋانلار قىسسىلىرى»، «پەھلىۋى ھېكايىلىرى» نى توپلاپ ئۆزىنىڭ شاھ كىتابى — «شاھنامە» نىڭ بىرىنچى قىسمى — مىفالوگىيە قىسمىغا كىرگۈزگەن. ئارشاكلار سەنئىتىمۇ ناھايىتى گۈزەل ۋە كۆركەم. كونا نىسا شەھىرىدىن تېپىلغان زور تۈركۈمدىكى پىل چىشىدىن ياسالغان بۇيۇملار، ئالتۇن، تۇچ، مەرمەر تاش ۋە كۈمۈش قاتارلىقلاردىن ياسالغان ھەيكەللەر، بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئارشاكلار مەلىكىسىنىڭ كۈمۈش ھەيكىلى، ئالتۇن بىلەزۈك تاقىغان ئىروس (يونان ئەپسانىلىرىدىكى مۇھەببەت ئىلاھى) نىڭ كىچىك كۈمۈش ھەيكىلى يۇقىرى تارىخىي ۋە بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

## 6. ئارشاكلارنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان تارىخىي مۇناسىۋىتى

جۇڭگو بىلەن ئارشاكلار خانىدانلىقى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى II ئەسىردە رەسمىي مۇناسىۋەت ئورناتقان. شۇ چاغدا جۇڭگو خانى ئارشاكلار خانى مىتىر دات II (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 124 — 87 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) گە ئەلچى ئەۋەتكەن. جۇڭگو بىلەن ئارشاكلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مەزمۇنلار سىماچيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن كەڭ ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭدا خاتىرىلىنىشىچە، «خەن ئەلچىلىرى دەسلەپ ئارشاكقا كەلگەندە، ئارشاك خانى 20 مىڭ چەۋەنداز بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ سەركەردىسىنى شەرقىي چېگرىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى قارشى ئالدۇ. شەرقىي چېگرا خانلىق پايتەختىدىن نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا بولۇپ، چېگرىدىن پايتەختكە قەدەر ئاھالىسى كۆپ نەچچە ئونلىغان شەھەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. خەن ئەلچىلىرى قايتىدىغان ۋاقىتتا، ئارشاك خانى ئۇلارغا ئەلچىلەرنى قوشۇپ، خەن خاقانلىقىغا ئەۋەتتى. ئارشاك ئەلچىلىرى خەننىڭ قانچىلىك چوڭ دۆلەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋۇدىغا تۆگە قۇشى تۇخۇمى ھەم رىم سېھىرگەرلىرىنى تەقدىم قىلدۇ». «پەرغانە ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر ئۈزۈمدىن مەي چىقىراتتى. بايلىرى مىليون جىڭدىن ئوشۇق مەي ساقلىشاتتى. بىرنەچچە ئون يىل ئىرىسىمۇ بۇزۇلمايتتى. بۇ دۆلەتلەردە مەي ئىچىش ئادەت ئىدى. ئاتلىرى بېدە يەيتتى. خەن ئەلچىلىرى بېدە ئۇرۇقى ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، خاقان ۋۇدى مۇنبەت يەرلەرگە بېدە ۋە ئۈزۈم تەرگۈزگەندىن كېيىن «تولپار ئات» لار كۆپەيدۇ. چەت ئەل ئەلچىلىرىمۇ كۆپلەپ كېلىشكە باشلايدۇ. شۇڭا، ساراي ۋە ئىستىراھەتگاھلار- نىڭ ئەتراپلىرىمۇ پۈتۈنلەي چەكسىز كەتكەن ئۈزۈمزارلىق ۋە بېدىلىككە ئايلىنىدۇ. پەرغانىنىڭ غەربىدىن ئارشاكقىچە بولغان دۆلەتلەرنىڭ تىللىرى گەرچە ئوخشاشمى- سىمۇ، ئەمما ئۆرپ-ئادەتلىرى ئاساسەن، بىردەك ئىدى. ئۇلارنى بىر-بىرىنىڭ

كېيىنى ئۇقۇشاتتى. بۇ دۆلەتلەردىكى ئادەملەر ئورا كۆز، ساقاللىق بولۇپ، سودىگەرچىلىككە ماھىر ئىدى. تىجارەتتە يىپتىن-يىڭنىسىغىچە ھېسابلىشاتتى. ئادەتتە ئاياللارنى قەدىرلەيتتى. ئەرلىرى ئاياللارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلاتتى. بۇ يەردە يىپەك، سىر يوق ئىدى. تۆمۈر ئەسۋاب ئىشلەشنى بىلمەيتتى. خەن ئەلچىلىرى بىلەن كەلگەن ئۆتكەرلەر ئۇلارغا ئەل بولغاندىن كېيىن، ھەربىي قورال ئىشلەشنى شۇلار ئۆگەتكەنىدى. خەن خاقانلىقىدىن ئالغان ئالتۇن-كۈمۈشلەردىن زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرى ياسىغان، پۇل قىلىپ ئىشلەتمىگەنىدى.» («تارىخىي خاتىرىلەر» 123-جىلد «پەرغانە تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 505-، 507-بەتلەر).

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئارشاكقا بارغان خەن ئەلچىلىرى ئەمەلىيەتتە جاڭ چيەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى 114-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 119-يىلى جاڭ چيەن ئىككىنچى قېتىم يەنە غەربىي ئەلگە ئەلچى بولۇپ بارغاندا، ناھايىتى كۆپ ئادەم بىلەن چىققانىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى ئارشاكقا بارغان بولسا، بىر قىسمى تاجىككا بارغان، يەنە بىر قىسمى بولسا كەشمىرگە بارغان. كېيىن بۇ ئەللەر خەن خاندانلىقىغا كۆپلەپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مەشھۇر يىپەك يولى ئاسىيا-ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەنى قاتنايدىغان كاتتا كارۋان يولىغا ئايلانغان، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش كۈچەيگەن.


پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. سىماچيەن: «تارىخىي خاتىرىلەر» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
2. باباجان غاپۇروپ: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988-يىل نەشرى.
3. ۋاڭ چىزلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئوچېركلار»، خۇنەن مائارىپ نەشرىياتى 1986-يىل خەنزۇچە نەشرى.
4. جوبىلاك قاتارلىقلار: «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى»، خەلق نەشرىياتى 1972-يىل خەنزۇچە نەشرى.
5. «قىسقىچە جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخى لۇغىتى»، خۇبېي خەلق نەشرىياتى 1982-يىل نەشرى.
6. م. ش. ئىۋانوۋ: «ئىران تارىخىدىن ئوچېركلار»، مەتلىيەت باسمىخانىسى 1952-يىل نەشرى.
7. گېزىت-ژۇرناللاردىكى مۇناسىۋەتلىك ماقالىلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىم جامالىددىن توغرىسىدا

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

جامالىددىن يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە غەربىي رايوندا (بۈگۈنكى شىنجاڭدا) ئۆتكەن داڭدار ئۇيغۇر ئاسترونوم، تەقۋىمچى (كالېندارچى) ھەم تارىخشۇناس بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى ھەققىدە تارىخىي خاتىرىلەردە تەپسىلىي مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا يۈەن سۇلالىسىنىڭ تۇنجى خانى قۇبلاي خان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئالىملىرى، زىيالىيلىرى، ئۆلىمالىرى، تەرجىمانلىرى ۋە گېنېراللىرى...... قاتارىدا يۈەن سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ خىزمىتىگە جەلپ قىلىنغانلىقى زىكىر قىلىنغان. يەنە «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 48 - جىلد «ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) تەپسىراتى» (《元史》卷四十八《天文志》)، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 90 - جىلد «ئەمەلدارلار تەپسىراتى» (《元史》卷九十《百官志》)، ۋاڭ شىدىيەن، شاڭ چىڭگوڭلار يازغان «يۈەن سۇلالىسى كۇتۇپخانا تەپسىراتى» 4 - جىلد (王士点、商企翁《元秘书监志》卷四) ۋە شۈيۇرېنىڭ يازغان «جىجېڭ توپلىمى» 35 - جىلد (许有壬：《至正集》卷三十五) قاتارلىق ئەسەرلەردە جامالىددىننىڭ يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئىچىگە جەلپ قىلىنغاندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان. تۆۋەندە بىز مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسەن جامالىددىننىڭ ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق ۋە تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

جامالىددىن يۈەنشىزۇ قۇبلاي خان تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىلا يۈەن خانىنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئىشلىتىشىنى قوبۇل قىلغان. مىلادى 1260 - يىلى قۇبلاي خان تەختكە چىققاندىن كېيىن جىن سۇلالىسىنىڭ كونا تۈزۈمىگە ئاساسەن، ئەينى چاغدىكى شىمالىي پايتەخت (بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇلدىكى دولون ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا) تە ئىسلام رەسەتخانىسىنى تەسىس قىلدۇرغان ھەمدە جامالىددىننى بۇ رەسەتخانىنىڭ مۇدىرلىكىگە تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ رەسەتخانا غەربىي رايونلۇق ئاسترونوملار ھەر خىل كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئىلمىي مەشغۇلات ئورنىغا ئايلانغان. رەسەتخانىدا يەنە ئاسترونومىيىگە

دائىر ئەرەب تىلىدا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلار ساقلانغان. جۈيۈەننىڭ 4-يىلى (مىلادى 1267-يىلى) جامالىددىن ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىدىغان يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان. بۇ خىل ئەسۋابلارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ جىن سۇلالىسى دەۋرىدىن قالغان ئىپتىدائىي ئەسۋابلاردىن زور دەرىجىدە ئىلغار بولغان. ئۇ ياسىغان ۋاقىت ھېسابلاش تەخسىسى يۈز بۆلەككە، ھەربىر بۆلەك يەنە 36 ئارىلىققا بۆلۈنگەن. بۇ، غەربىي رايوندا ياسالغان بۇ خىل ئەسۋابنىڭ تەخسىسى 360 قا بۆلۈنۈشتەك ئالاھىدىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. يۈەن دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىم گوشۇجىڭ ياسىغان ئەسۋابنىڭ كۆزىتىش قۇرۇلمىسىمۇ جامالىددىن ياسىغان ئاسترونومىيە ئەسۋابىنىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان.

«يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 48-جىلد «ئاسترونومىيە تەپسىراتى» (《元史》卷四十八《天文志》) دا جامالىددىن ياسىغان يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنىڭ ياسىلىش، ئىشلىتىلىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغاندىن تاشقىرى، بۇ خىل ئەسۋابلارغا ئىسلام قائىدىسى بويىچە ئۇيغۇرچە (ئەرەب يېزىقىدا) ئىسىم قويۇلغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. تۆۋەندە بىز بۇ ئەسۋابلارنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1) كۆپ ھالقىلىق ئەسۋاب: بۇ ئەرەب يېزىقىدا ذات حلق Dhatu halag دەپ يېزىلغان بولۇپ، خەنزۇچىغا 多环仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئاسترونومىيە تەپسىراتى» دا 浑天仪 دېگەن خەت بىلەن ئىپادە قىلىنغان. بۇ ئەسۋاب مىستىن ياسالغان بولۇپ، تۈز ئايلانما يالاڭ تەخسە ئورنىتىلىپ، ئەتراپىغا ئاسمان ئۆلچىگۈچ گرادۇس ئويۇلغان ھەم زەنجىرسىمان ھالەتتىكى 12 مۇچەل ئورنى سىزىلىپ، تەخسە يەر يۈزىگە توغرىلاپ قويۇلغان. ئۇنىڭ يان تەرىپىگە تىك جۈپ تەخسە ئورنىتىلىپ، يالاڭ تەخسە بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ بىرىنى يەر ئاستىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاسمان ئۆلچىگۈچ گرادۇسىنى ئايرىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككىنچى جۈپ تەخسىنىڭ ئەتراپىغا ئاسمان ئۆلچىگۈچ گرادۇس ئويۇلۇپ، ئېگىز-پەس ھالەتتە چېتىشتۇرۇلغان ھەم يان تەرەپكە باغلانغان جۈپ تەخسە بىلەن يەر يۈزى ئارىلىقى 36° قا توغرىلانغان. بۇ تەخسىلەر جەنۇبىي قۇتۇپ بىلەن شىمالىي قۇتۇپنى ئايرىپ چۆگىلىگەندە، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىشىنى ھەم قۇياشنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولغان. ئۇنىڭ ئىچىگە يەنە ئۈچىنچى، تۆتىنچى تەخسىلەر ئورنىتىلىپ، ئىككىنچى تەخسە بىلەن چېتىلغان ھەم جەنۇبىي، شىمالىي قۇتۇپقا 24° ئارىلىق بىلەن چۆگىلەيدىغان بولغان. شۇنداق قىلىپ ئۈچ جۈپ تەخسىنىڭ ھەممىسى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە چۆگىلىگەن. بۇ تەخسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بولۇپ، تۆت چاسا مىس مىق بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. بۇ ئەسۋاب

ئاساسەن قۇياشنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىلگەن.

2) يۆنىلىش ئەسۋابى: بۇ ئەرەبچە ذات سموت Dhatu sumut دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 方位仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئاسماندىكى يۇلتۇز ۋە باشقا پىلانېتلارنى كۆزىتىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، شار شەكلىدە ياسالغان. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئىشىك ئورنىتىلىپ، ئىچىگە كۆزىتىش پەلەمپىيى ياسالغان، ئوتتۇرىسىغا ئېگىزلىكى 7 چى 5 سۇڭ كېلىدىغان مىس سائەت ئورنىتىلغان. ئەسۋاب ئۈستىگە سائەتكە ئۇلىنىدىغان ئوق ئورنىتىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى 5 چى 5 سۇڭ كېلىدىغان مىس مېتىر ئېسىلغان. ئەسۋابنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش قىلىپ ياسالغان نەيچە ئوخشاش ئىككى دانە نۇكەششىمان ئەسۋاب ئورنىتىلىپ، پىلانېتلارنى كۆزىتىشتە پايدىلىنىلغان. ئۇنىڭ ئاستىغا توغرىسىغا تۇرىدىغان بىر مېتىرنى ئورنىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گرادۇس ئويۇلغان. بۇ ئەسۋاب بىلەن ئارىلىقنى ئۆلچىگىلى، شۇنداقلا يىراق-يېقىنغا يۆتكىگىلى ھەم سول-ئوڭغا ئايلىنىپ تۆت تەرەپنى كۆزەتكىلى بولغان ھەتتا يۇقىرى-تۆۋەن كۆتۈرۈپ ئەتراپنى ئۆلچىگىلىمۇ بولغان.

3) يانتۇ پاراللېل ئەسۋاب: بۇ ئەرەبچە لحمەمموج Luhma-i-mu'wajj دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 斜纬仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسۋاب ئارقىلىق ياز كۈنلىرى قۇياش نۇرىنى ئۆي ئىچىگە بىۋاسىتە چۈشەرگىلى بولغان. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىككى ئۆي ياساپ، ئوتتۇرىدىن شەرق-غەربكە تۈز يوچۇق ئېچىپ، قۇياش نۇرى يانتۇ چۈشكەن يەرگە توغرىلاش ئارقىلىق پەسىلنى ئايرىغان. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا پەشتاق بولۇپ، كۆلەڭگىنىڭ يۆتكىلىشى بىلەن جەنۇبتىن يۇقىرىغا چىقىپ، شىمالدىن تۆۋەنگە چۈشكەن ھالەت شەكىللەنگەن. ئۈستىگە 180 گرادۇس ئويۇلغان يېرىم ئاي شەكىلدىكى تەخسە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يەر يۈزىگە توغرىلانغاندىن كېيىن قۇياشنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ گرادۇسمۇ ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن قۇياشنىڭ مېڭىش سۈرئىتى ۋە ھەربىر كۈننىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئۆلچەنگەن. يان تەرىپىگە يانتۇ قىلىپ ئۇزۇنلۇقى 6 چى، كەڭلىكى بىر سۇڭ ئالتە فۇڭ كېلىدىغان مىستىن ياسالغان ئۇچلۇق بىر مېتىر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇ 180 گرادۇسلۇق يېرىم تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇلانغان، تۆۋەن تەرىپى يېرىم تەخسىنىڭ ئۈستىگە چېتىلغان. بۇ چۆگىلىگەندە يانتۇ چۈشكەن قۇياش نۇرىنى گرادۇس بىلەن ئۆلچەپ، پەسىللەرنى ئېنىق ئايرىغىلى بولغان. بۇ ئەسۋاب ئاساسەن قۇياشنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئۆلچەپ، ئەتىياز، كۈز پەسلىنى بېكىتىشكە ئىشلىتىلگەن.

4) تۈز پاراللېل ئەسۋاب: بۇ ئەرەبچە لحمە مستوى Luhma-i-mustayi دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 平纬仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسۋاب ئارقىلىق ئۆيگە چۈشكەن قۇياش نۇرىدىن پايدىلىنىپ، پەسىللەرنى بېكىتىش ئۈچۈن

چوڭقۇرلۇقى ئىككى جالڭ. ئىككىنچى كېلىدىغان بەش ئۆي ياسىلىپ، ئۆي ئوتتۇرىسىغا ئوخشاش چوڭقۇرلۇقتا كارىز كولىنىپ ھەم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىن جەنۇپ - شىمالغا قارىتىپ مۇۋاپىق يوچۇق ئېچىپ، قۇياش نۇرى چۈشكەن جايغا توغرىلانغان. يوچۇق يېنىغا يېرىم تام قوپۇرۇلۇپ، تام ئالدىغا ئۇزۇنلۇقى بىر جالڭ ئالتە سۇڭ كېلىدىغان مىس مېتر ئېسىلغان. تامنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قۇياش گرادۇسىنىڭ يېرىم ئايلانمىسى سىزىلىپ، قۇياش نۇرىنىڭ مېترغا ۋە گرادۇسقا چۈشكەن كۆلەڭگىسىگە ئاساسەن قىش، ياز پەسلىنى بېكىتكىلى بولغان.

5) ئاسمان گلوبۇسى: بۇ ئەرەبچە كۇرەسىماء Kura-i-sema دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 天球仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) تەپسىراتى» دا: «يۇلتۇزلارنى كۆزەتكۈچى ئەسۋاب» (浑天仪) ياكى «يۇلتۇزلارنى كۆزۈتۈش خەرىتىسى» (浑天图) دەپ يېزىلغان.

مىستىن گلوبۇس ياساپ، ئۇنىڭ يۈزىگە كۈننىڭ ئايلىنىش گرادۇسىنى يانتۇ قىلىپ ئويغان ھەمدە 28 يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ شەكلىنى سىزغان، چۆرىسىگە تۈز يالاڭ مىس تەخسە بېكىتىپ، كۈننىڭ ئايلىنىش گرادۇسى 12 مۇچەلنى ئويغان جاينى بۆلۈچەم قىلغان. يان تەرىپىگە ئىككى يالغۇز تەخسە تىك ئورنىتىلىپ، بىرسى تۈز تەخسىنىڭ مېرىدىئانىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، جەنۇبىي - شىمالنى قۇتۇپنى كۆرسىتىپ تۇرغان. يەنە بىرى تۈز تەخسىگە ئويۇلغان توخۇ - توشقان مۇچەل بەلگىسىگە باغلانغان ۋە بۇ تەخسىگىمۇ گرادۇس سىزىلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىلمىي نۇجۇم تەپسىراتى» دا، «بۇ ئاسمان گلوبۇسى بولۇپ، ئۇنى ئايلاندۇرۇپ كۆزەتكىلى بولمايدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

6) يەر شارى ئەسۋابى: بۇ ئەسۋاب ئەرەبچە كۇرەئارزى Kura-i-ard دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 地球仪 دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئىلمىي نۇجۇم تەپسىراتى» دا «جۇغراپىيە ئەسۋابى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

ياغاچ بىلەن يۇمىلاق بىر توپ ياساپ، ئۇنىڭ يەتتە قىسمىنى ئاقۇش رەڭدىكى قۇرۇقلۇق دەپ مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەريا - كۆل ۋە دېڭىزنىڭ باش ئايىغى ئېرىماش - چىرماش سىزىلغان. يەنە بىر تۆت چاسا شەكىلدىكى قىدۇق سىزىپ، يەرنىڭ كەڭلىكى، يولنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى مۆلچەرلەنگەن.

7) كېچە - كۈندۈزلۈك ۋاقىت ئۆلچىگۈچ: بۇ ئەسۋاب ئەرەبچە ئىسترلاب (Usturlab) دەپ ئاتالغان بولۇپ، خەنزۇچىگە 昼夜时刻器 دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ ئەسۋاب يۇمىلاق ئەينەككە ئوخشاش ھەم ئاسقىلى بولىدىغان بولۇپ، مىستىن ياسالغان ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە 12 مۇچەل بەلگىسى بىلەن كېچە - كۈندۈز ۋاقتى ئويۇلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىس چىۋىق مىقلىنىپ، دەۋرى ھالدا ئايلىنىـ

دىغان قىلىنغان. ئەسۋاب ئايلانغاندا مىس چىۋىقنىڭ ئىككى بېشى ئىگىلىپ، ئىككى هالقا شەكلىدە ئۆزئارا ئۇدۇل كۆرۈنۈپ تۇرغان. هالقا ئىچىدىن كۈندۈزى كۈننىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ، كېچىسى يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشكە بولغان. بۇنىڭ بىلەن كۈن - تۈننىڭ ۋاقتىنى ئايرىپ، كەلگۈسىدە ياخشىلىق ياكى يامانلىق ئالامەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلىگەن. يەنە مىس ئەينەكنىڭ كەينىگە ئۈچ پارچە ئەينەك بېكىتىلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە يەتتە خىل نەرسىنىڭ سۈرىتىنى سىزغان. بۇنىڭ بىلەن شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمالنى ۋە كۈن كۆلەڭگىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ يۈزى ياكى كەينىدىكى ئوخشاشماسلىقىنى پەرقلەندۈرۈۋېلىپ، ئاسماندىكى ۋە يەردىكى خىلمۇ - خىل ھاۋا رايى ئۆزگىرىشلىرىنى تەخمىن ئىنكاس قىلغان. نەتىجىدە ئاسترونومىيە، ھاۋا رايى، ئىقلىم ۋە جۇغراپىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن يىلنامە، پەسىللىك خەرىتە ئىشلەپ چىققان.

يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابى «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا «غەربىي دىيار ئەسۋابى» (西域仪象) دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ھەم بۇ ئەسۋابلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارنىڭ كەشپىياتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەرەب تىل - يېزىقىدا ئىسىم قويۇلغانلىقىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن. 1982 - يىلى شائخەي لۇغەت - كىتابلار نەشرىياتى نەشر قىلغان «ئوكيانۇس» (تارىخ - جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 367 - بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان مۇسۇلمانلار رەسەتخانىسىدا تەقۋىمچىلىك (كالېندارچىلىق) ئورگانلىرىمۇ بولۇپ، ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇسۇلمان ئالىملىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان. مەزكۇر رەسەتخانا قۇبلاي خان جىيۈەننىڭ 8 - يىلى (مىلادى 1271 - يىلى) ئۇيغۇر ئاسترونوملىرى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم قۇرۇلۇپ، جىيۈەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1280 - يىلى) ۋە خۇاڭچىڭنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1312 - يىلى) ئىككى قېتىم مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن. مۇسۇلمانلار رەسەتخانىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىدە تۇنجى بولۇپ قۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىدا جامالىدىننىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولغان.

بۇ يەتتە خىل ئەسۋابنىڭ ئەمەلىي ئىشلىتىشى توغرىسىدا، «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» دا تەپسىلىي ۋە ئېنىق خاتىرىلەر يوق. ئەمما يۈەن دەۋرىدىكى مۇسۇلمانلار رەسەتخانىسىدا ئاسترونومىيە، تەقۋىمچىلىك (كالېندارچىلىق)، ئۆلچەش - سىزىش ۋە كۆزىتىش قاتارلىق ئىشلار تەھسىل قىلىنغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بىر يۈرۈش خىزمەتچى خادىملىرى ۋە ئەمەلدارلىرى بولغانلىقى مەلۇم. «ئوكيانۇس» (جۇغراپىيە قىسمى) نىڭ 353 - بېتىدىكى «جامالىدىن ماددىسى» دا، جامالىدىننىڭ جىيۈەن 4 - يىلى (مىلادى 1267 - يىلى) كالېندار ئىشلىگەنلىكى، بېيجىڭدا رەسەتخانا قۇرغانلىقى ۋە يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى ياسىغانلىقى ھەققىدە ئېنىق

مەلۇمات بېرىلگەن.

ئەنگلىيىلىك دوكتور نىغام (Drjoseph Needham) ئۆزىنىڭ «جۇڭگو پەن-تېخنىكا تارىخى» (Soicncoand Cirilisatiuninchina) ناملىق ئەسىرىدە، جامالىددىننىڭ يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنى كەشىپ قىلغانلىقىغا بەكمۇ قىزىققان ھەم بۇ ئەسۋابلار ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ بىر يېڭى كەشپىيات، مىلاددىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىردىكى موللوسنىڭ گرادۇسى (Grates of Molles) بىلەن قەدىمكى يەر شارى ئەسۋابىدىن (ئاللىقاچانلا ئىسىزى ئۆچكەن) تاشقىرى، مارتىن بېخائىم (Martin Shaim) نىڭ 1492 - يىلىدىكى خاتىرىسىدىن باشقا، قەدىمكى زامان ئاسترونومىيىگە ئائىت ھېچقانداق مەلۇماتلار يوقتەك قىلاتتى. ئەمما جامالىددىن ياسىغان بۇ يەتتە خىل ئاسترونومىيە ئەسۋابىنىڭ يىل دەۋرى مارتىن بېخائىمنىڭ خاتىرىسىدىن 250 يىل بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. بۇنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جۇڭگو - غەرب ئالاقىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىدىن بولغان دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ، ئىلىم بىلەن سەنئەتنىڭ ئىنكاسى بولغاچقا مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە...» دەپ كۆرسەتكەن.

بىز يۈەن سۇلالىسىنىڭ كونا ۋە يېڭى تارىخى ھەم شۇ ۋاقىتتا قالدۇرۇلغان تارىخىي خاتىرىلەردىن، يۈەن دەۋرىدە جامالىددىندىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئاسترونوملارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھەم ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى يىرقانچە جايغا رەسەتخانا ياسىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

مەسىلەن: «يۈەن دەۋرىدىكى كۈتۈپخانا تەپسىراتى» (元秘书监志) نىڭ 7-جىلدىدا جامالىددىن ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان بولۇپ، جىزيۈەننىڭ 15 - يىلى (مىلادى 1278 - يىلى) ئۇنىڭ رەسەتخانا باشلىقى بولغانلىقى بايان قىلىنغان. يۇقىرىقى كىتابنىڭ 1 - جىلدىدا ئۇيغۇر شەمشىدىن (夏米西丁) نىڭ جىزيۈەننىڭ 26 - يىلى (مىلادى 1289 - يىلى) كۈتۈپخانىدىن يۆتكىلىپ رەسەتخانىغا باشلىق بولغانلىقى ۋە رەسەتخانىنى كېڭەيتىپ قۇرغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. يەنە شۇ كىتابنىڭ 9 - جىلدىدا، شەمشىدىن قاتارلىق بىرقانچە ئالىم - ئۆلىمانىڭ دادېنىڭ 5 - يىلى (مىلادى 1297 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى كامالەتخانا ئۇستازى، كۈتۈپخانا باشلىقى ۋە رەسەتخانا باشلىقى بولغانلىقى؛ دادېنىڭ 10 - يىلى (مىلادى 1302 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يەنە بىر تۈركۈم ئاسترونوملارنىڭ دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئالىي مەنسەپكە ئولتۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. كېچە - كۈندۈز رەسەتخانىدىن ئايرىلماي كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان ئۇيغۇر ئاسترونوملار نەچچە يۈزگە يېتىدۇ، بۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

جامالىددىن كۆپ ئەرەپچە يېتىشكەن، جۇڭقۇر بىلىمگە ۋە يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە

www.uyghurkitap.com

كىشى ئىدى. جۇيۈەننىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1267 - يىلى) ئۇ مۇسۇلمانلار كالېندارىغا ئاساسەن «ئۇزۇن يىللىق كالېندار» (万年历) نى تۈزۈپ چىققان.

يۈەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپىدە سۇڭ سۇلالىسى تەقۋىمچىلىرى بىلەن جىن سۇلالىسى تەقۋىمچىلىرىنىڭ كونا كالېندارلىرىنى شۇ پېتىچىلا ئىشلەتكەن. ئوگۇتاي خان ۋاقتىدا 《西征庚午元历》 ناملىق كالېندارنى تۈزگۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يولغا قويۇش ئېلان قىلىنمىغان. جامالىددىننىڭ «ئۇزۇن يىللىق كالېندارى»، بولسا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە تۇنجى قېتىم جاكارلىنىپ، رەسمىي يولغا قويۇشقا پەرمان چۈشۈرۈلگەن. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 52 - جىلد «تەقۋىم تەپسىراتى» (《元史》卷五二《历志》) دا «جۇيۈەن 4 - يىلى غەربىي رايونلۇق جامالىددىن «ئۇزۇن يىللىق كالېندار» نى تۈزگەن بولۇپ، قۇبىلاي خان بۇ كالېندارنىڭ تارقىتىلىپ يولغا قويۇلۇشىغا پەرمان چۈشۈرگەن، بۇ كالېندار ئارقا - ئارقىدىن تارقىتىلىپ، دىنىي پائالىيەتلەرمۇ مەزكۇر كالېندار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغان...» دېيىلگەن.

جۇيۈەننىڭ 13 - يىلى (مىلادى 1276 - يىلى) يۈەنشىزۇ قۇبىلاي خان شۇي خېڭ، گۇ شۇجىڭ قاتارلىقلارغا كالېندار ئىشلەشنى تاپشۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار جامالىددىننىڭ يېتەكلىشى ۋە ئۇ تۈزگەن كالېنداردىن پايدىلىنىپ، جۇيۈەننىڭ 17 - يىلى (مىلادى 1280 - يىلى) قىش پەسلىگە كەلگەندە بىر كالېندارنى پۈتتۈرگەن. ئۇنى تولۇقلاپ تۈزىتىش ئاساسىدا ئۇنىڭغا «ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىش كالېندارى» (授时历) دەپ ئىسىم قويۇلۇپ، ئاندىن تارقىتىلغان. جۇيۈەننىڭ 20 - يىلىغا كەلگەندە بۇجيەن ئىسىملىك بىرسى «لى يى» (历仪) كالېندارىنى ئىشلەپ چىققان، ئەمما ئۇمۇ ئالدىنقىلارنىڭ كالېندار تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ئەمگىكىدىن پايدىلانغان. جامالىددىن تۈزگەن «ئۇزۇن يىللىق كالېندار» نىڭ يولغا قويۇلۇشى جاكارلانغاندىن تارتىپ «ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىش كالېندارى» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتا 15 يىل ئۆتكەن. جامالىددىن تۈزگەن كالېندار مانا شۇ 15 يىل جەريانىدا دۆلەت كالېندارى سۈپىتىدە خانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىتىلىپ، ئومۇمىي ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق كالېندارغا ئايلانغان. «ئۇزۇن يىللىق كالېندار» دىن كېيىن يەنە ئىككى كالېندار بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما جامالىددىن تۈزگەن بۇ كالېندار ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغان، بەلكى داۋاملىق بېسىپ تارقىتىلغان. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 94 - جىلد «يېمەكلىكلەر تەپسىراتى» نىڭ 2 - قىسمىدا كۆرسىتىلىشىچە، خانبالىقتا (بېيجىڭدا) مەخسۇس كالېندار بېسىپ ساتىدىغان كارخانا قۇرۇلغان بولۇپ، تيەنلىنىڭ تۇنجى يىلى (مىلادى 1328 - يىلى) مۇسۇلمانلار كالېندارىدىن 5257 نى بېسىپ (نەشر قىلىپ) ساتقان. ھەربىر كالېندارنىڭ باھاسى 50 سەر جوڭتوڭ پۇلىغا توغرا كەلگەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇسۇلمانلار كالېندارى ئەرەبلەرنىڭ كالېندارى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ شەمسىيە يىلى كۈن كالېندارى بىلەن قەمەرىيە يىلى ئاي كالېندارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل. شەمسىيە يىلى كۈن كالېندارى بولسا ئاساسەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىدا پەسىللەرنى ئايرىش ۋە باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قەمەرىيە يىلى ئاي كالېندارى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. شەمسىيە يىلى كالېندارى قۇياشنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىشىغا ئاساسەن 365 كۈننى بىر يىل ھېسابلايدۇ. قەمەرىيە كالېندارى بولسا ئاي شارىنىڭ 12 قېتىم تولغىنىغا (يۇمىلاق بولغىنىغا) ئاساسەن 12 ئاي دەپ، 354 كۈننى بىر يىل ھېسابلايدۇ، ۋەھاكازالار......

جامالىددىن تۈزگەن «ئۇزۇن يىللىق كالېندار» شەمسىيە يىلى كالېندارىمۇ ياكى قەمەرىيە يىلى كالېندارىمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق خاتىرە يوق. ئەگەر ئۇنىڭ تۈزگىنى شەمسىيە يىل كالېندارى بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ كالېندارىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىلمىگەنلىكىدە سەۋەب بار. چۈنكى، بىرى، ئىچكى ئۆلكىدىكى غەيرىي مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان مىللەتلەرنىڭ دىنىي پائالىيىتى ۋە باشقا ئىشلىرىغا ماس كەلمەيدۇ. جامالىددىن تۈزگەن كالېندارنىڭ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېسىپ تارقىتىلغىنىغا قارىغاندا، ئېھتىمال قەمەرىيە كالېندارى بولۇشى مۇمكىن.

جامالىددىن مەشھۇر ئاسترونوم ۋە تەقۋىمچى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە ئىجتىمائىي ئىلىمنىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن خەۋىرى بولغان داڭدار تارىخشۇناس ئىدى. «يۈەن سۇلالىسى كۇتۇپخانا تەپسىراتى» (元秘书志) دا كۆرسىتىلىشىچە، جىيۈەننىڭ 23 - يىلى (مىلادى 1288 - يىلى) جامالىددىن قۇبىلاي خانغا مەكتۇپ سۇنۇپ: «دۆلىتىمىز مىسلىسىز بىرلىككە كەلدى، زېمىنى كېڭەيدى، مۇھىم ئىشلار تەرتىپكە سېلىندى. خان، پادىشاھلار ئادىل يۇرت سوراپ، ئالدىنقى ھەرقانداق زامانلارغا قارىغاندا مەمۇرچىلىق بولدى. شۇڭلاشقا مەن بۈيۈك بىرلىكىمىزگە تەۋە بولغان بارلىق جايلارنىڭ مۇھىم تارىخلىرىنى يېزىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم......» دېگەن. قۇبىلاي خان جامالىددىننىڭ بۇ تەكلىپىنى ناھايىتى تېزلا قوللاش بىلەن بىللە، بۇ ئىشقا ئېھتىياجلىق ئادەملەرنى قوشۇپ بېرىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن جامالىددىن يازماقچى بولغان كىتابقا «جىيۈەن يىللىرىدىكى بىرلىك تەپسىراتى» (至元一统志) دەپ ئىسىم قويغان. كېيىن بۇ ئىسىمنىڭ تازا تولۇق بولماي قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، «يۈەن دەۋرىدىكى بۈيۈك بىرلىك تەپسىراتى» (元大一统志) غا ئۆزگەرتكەن.

جامالىددىن بۇ كىتابنى تۈزۈش خىزمىتىنى رەسمىي باشلاشتىن ئىلگىرى ئوردىدىكى ئەمەلدار - تۆرىلەر ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، بەزى ئەمەلىي تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. كېيىن باش مىرزا مەھكىمىسى (翰林院)، ھەربىي ئىشلار مەھكىمىسى ۋە كۇتۇپخانا مەھكىمىسى بىلەن مەسلە-

پەتلىشىپ، تارىخ-جۇغراپىيىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى قىستۇرما سۈرەتلىك كىتاب قىلىپ ئىشلەشنى بېكىتكەن. جامالىددىن ئۆزىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن جۇڭگولۇق (يەنى بۈگۈنكى خۇبېيدىكى ۋۇخەن شەھىرىنىڭ ۋۇچاڭدىن) يۈيىڭلۇڭ (虞应龙) قاتارلىق قەلەمكەشلەرنى تاللاپ ئېلىپ، ماتېرىيال توپلاش، رەتلەش، تۈرگە ئايرىش، كۆچۈرۈش... قاتارلىق ئىشلارغا ئورۇنلاشتۇرغان.

جامالىددىن ئۆزى ئومۇمىي ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشتىن سىرت، ماتېرىياللارنى بېكىتىش ۋە تەھرىرلەشتەك ئەڭ مۇشكۇل ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، قەدىمكى تارىخنامىلاردا خاتىرىلەنگەن جۇغراپىيە ئەھۋالى، ناھىيە ۋە ئوبلاستلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، مۇھىم تارىخىي ئىش-پائالىيەتلەر، مەشھۇر ئارشاڭ-بۇلاقلار، تاغ-دەريالار، تارىخىي شەخسلەر ھەمدە دانىشمەنلەر يازغان مەدھىيە نامىلەرگە ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىپ، ھەرقايسى بۆلەكلەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە جىزيۈەننىڭ 23-يىلى (مىلادى 1288-يىلى) دىن دادېنىڭ 4-يىلى (مىلادى 1300-يىلى) غىچە بولغان 12 يىل جەريانىدا، 463 قىسىم، 755 جىلدلىق زور ھەجىمدىكى مەشھۇر كىتابىنى يېزىپ تاماملىغان. كېيىن يۈننەن ۋە لياۋياڭ (بۈگۈنكى لياۋنىڭ ئۆلكىسىگە قاراشلىق جايلار) قاتارلىق جايلاردىن داۋاملىق ماتېرىيال مەنبەلىرى تېپىلىپ تۇرغاچقا، يەنە تولۇقلاش ئېلىپ بېرىپ، دادېنىڭ 7-يىلى (مىلادى 1303-يىلى) 600 قىسىم، 1300 جىلد قىلىپ تولۇقلاپ يېزىپ تاماملىغان. جامالىددىن بۇ كىتابقا 18 يىللىق ئۆمرىنى سەرپ قىلىپ ئىشلەش بىلەن ئاخىرى يۈكسەك ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەن. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھ يۈەن چېڭزۇڭ تېمۇر (مىلادى 1294—1307-يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن قىممەت باھالىق بويۇملار، ئېسىل كىيىم-كېچەكلەر ۋە نەچچە مىڭ قاداق ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تارتۇقلانغان.

جامالىددىننىڭ بۇ زور ھەجىمدىكى تارىخىي ئەسىرى ئارىسىدا يەنە 200 پارچىدىن كۆپرەك رەڭلىك سۈرەتلەر قىستۇرما قىلىنغانلىقى سىرتىدا، ئىزاھلىق چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بېرىلگەن. ئەپسۇسكى بۇ كىتاب مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىدا ۋەيران بولۇپ، پارچە-پۇرات ھالەتتە كىشىلەر قولىدا ساقلانغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە (金毓黻) ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن تولۇقلاپ-رەتلىنىپ «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ بىرلىك تەپسىراتى» (大元大一统志) دېگەن ئىسىم بىلەن 50 جىلدلىق بىر كىتاب قىلىنغان. كېيىن بۇ كىتابنى قايتا تەھرىرلەپ ئىشلەش بىلەن بىرگە، «شۈەنجيۈەنتاڭ مەجمۇئەسىنىڭ داۋامى» (玄览堂丛书续集) دا ئۇنىڭ 35 جىلدىنى ئېلان قىلغان. ئەمما ھەجىم ۋە مەزمۇن جەھەتتىن خېلى كۆپ جايلار قىسقارتىلغان. ئازادلىقتىن كېيىن جاۋۋەنلى (赵万里) ئەپەندى ئۇنىڭ 10 جىلدىنى تەھرىرلەپ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق «يۈەن دەۋرىدىكى بىرلىك تەپسىراتى» (元一统志) دېگەن نام بىلەن نەشرگە تەييارلىغان ھەم 1966-يىلى جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

# يۇغۇرلار ھەققىدە خاتىرىلەر

راھىلە داۋۇت، كوممۇنا جانبوز

بىز شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ ئىككى نەپەر ئاسپىرانتى يۇغۇرلار ئارىسىدا فولكلور تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردۇق. تۆۋەندىكىلەر بىزنىڭ يۇغۇرلار رايونىدا قىلغان 15 كۈنلۈك فولكلور تەكشۈرۈش خىزمىتىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر.

× × ×

يۇغۇرلار ئاساسەن گەنسۇدىكى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان. ئۇلار ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇپ، تارىختا «سېرىق ئۇيغۇرلار» دەپمۇ ئاتالغان. 1953 - يىلى سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا كېلىشىش ئارقىلىق «ئۇيغۇر» دېگەن ئىسمىنىڭ ئورنىغا ئاھاڭ تەرجىمىسى يېقىن بولغان يۈگۇ («باي»، «مۇستەھكەم» دېگەن مەنىدە 裕固) دېگەن سۆزنى مىللەت نامى قىلىپ بېكىتكەن.

سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېشى كارىدورىدىكى چىلىيەنشەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى تار، ئۇزۇن كەتكەن بەلۋاغقا جايلاشقان. ئۇلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان. پۈتۈن ناھىيە شەرقتە خۇاڭچېڭ رايونى؛ غەربتە ماتى، كاڭلې، داخې، چىڭفىڭ رايونلىرى؛ شىمالدا مىڭخۇا رايونىدىن ئىبارەت ئۈچ پارچە ئۆزئارا تۇتاشمىغان زېمىندىن تەركىب تاپقان. سۇنەن ناھىيىسىدىكى يۇغۇرلار ئاساسەن مىڭخۇا، داخې، كاڭلې، خۇاڭچېڭدىن ئىبارەت تۆت رايونغا تارقالغان. 1982 - يىلدىكى ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا يۇغۇرلارنىڭ نوپۇسى 8088 نەپەر.

يۇغۇرلار ئۆزىگە خاس تارىخ، تىل، دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە.

## 1. يۇغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى

يۇغۇرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى توغرىسىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى

ئالىملار ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارغا ئىگە. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يۇغۇرلارنى قەدىمكى زاماندا قۇملۇقنىڭ شىمالىدا ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشاپ IX ئەسىردە غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا باغلايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، هازىرقى يۇغۇر مىللىتى قەدىمدە شىمالدا ياشىغۇچى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيىتى يىمىرىلگەندىن كېيىن خېشى كارىدورى رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ۋە XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئارقا-ئارقىدىن شەرققە كۆچۈپ، گەنسۇ تەۋەلىكىگە كېلىپ ئورۇنلاشقان قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ھەمدە شاجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن.

چۆللۈكنىڭ (موڭغۇلىيە نەزەردە تۇتۇلىدۇ) شىمالىدا بىر مەزگىل روناق تاپقان كۈچلۈك ئۇيغۇر خانلىقى مىلادى 840-يىلىدىن كېيىن تەبىئىي ئاپەت، ئىچكى، تاشقى جېدەل-ماجىرالار تۈپەيلىدىن تېزلا زەئىپلەشتى. چوجان قۇتلۇق باغا قىرغىزلار بىلەن بىرلىشىپ، يۈز مىڭ ئاتلىق قوشۇن تارتىپ ئۇيغۇرلار يېرىگە ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى مۇنقەرز بولدى. شۇ سەۋەبتىن خاقاننىڭ يېقىنلىرىدىن 13 قەبىلە باشلىقى ئۆگەنىڭ قوماندىسىدا جەنۇبقا سۈرۈلۈپ تاڭ سۇلالىسىغا بەيئەت بولدى. قالغان كۆپ قىسىم ئۇيغۇرلار پان تېكىن باشچىلىقىدا ئۈچ يۆنىلىش بويىچە غەربكە كۆچتى. بۇلارنىڭ بىر يۆنىلىشى خېشى كارىدورى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلدى، ئىككىنچى يۆنىلىشى تېخىمۇ غەربكە مېڭىپ، قۇمۇل، تۇرپان ئەتراپىغا يېتىپ كېلىپ قوچۇنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۈچىنچى يۆنىلىشى قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ خېشى كارىدورىغا كۆچكەن قىسمى هازىرقى يەر نامى بويىچە گەنسۇنىڭ جاڭيې ناھىيىسى، دۇڭخۇاڭ ناھىيىسى، ۋۇۋېي ناھىيىسى خېشى لەنشەن تېغى، تيەنشۈي ناھىيىسى، جيۇچۈەن ناھىيىسى، ئېجىنا دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ماكانلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئەينى دەۋردە «خېشى ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتالغان. ئۇلار دەسلەپ تىبەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان. كېيىنچە خېشى ئۇيغۇرلىرى گەنجۇ (هازىرقى جاڭيې) نى مەركەز قىلىپ كۆچۈپ X ئەسىردە كۈچلۈك گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى دەپمۇ ئاتالدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى كەڭ تېررىتورىيىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، «ئەينى دەۋردە ئۇلارنىڭ نوپۇسى 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىدى»①

XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا خېتاۋ قولتۇغى رايونىنى ئىگىلەپ ياتقان تاڭغۇتلار باش كۆتۈردى. ئۇلار خېشى كارىدورىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تالىشىپ، كۆپ قېتىم خېشى ئۇيغۇرلىرى تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قوزغىدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى بۇ ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن ھالسىزلىنىپ، مىلادى 1028-يىلى تاڭغۇتلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 130 يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلى-

رىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىلدى. گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇلار ھەر تەرەپكە چېچىلدى. بىر قىسمى تۇبۇت خانى جۆپسىلودىن پاناھ ئىزدەپ بېرىپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بارا-بارا تۇبۇتلەرگە ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ كەتتى. يەنە بىر قىسمى ئاڭغۇتلارغا بەيئەت بولدى. ئۇلار كېيىنچە ئاڭغۇتلار چېگرىسىدىكى داڭشياڭ، تۇبۇت، خەنزۇلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىندى. يەنە بىر قىسمى دۇنخۇاڭ شاجۇ رايونىغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلەشتى. ئۇلار تارىختا سېرىق ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالدى.

دېمەك، بىر ئەسىردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى نەچچە ئەسىرلىك بوران-چاپقۇنلار داۋامىدا ئىنتايىن ئاز قىسمىدىن باشقا، زور كۆپچىلىكى باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتتى.

XIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان مەزگىلنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم دەۋر دەپ قاراشقا بولىدۇ.

XIII ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا تۇرپاننىڭ قوچۇ ۋە بەشبالىق شەھەرلىرى موڭغۇل ھۆكۈمرانى دوۋا قوماندانلىقىدىكى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىغان. بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقى چوڭ چىقىم تارتقان. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىدىقۇت خانى قوچىغار قالدۇق ئەسكەرلىرى ۋە بىر قىسىم ئاھالىنى باشلاپ ئۆز تۇرار گاھىنى تۇرپاندىن قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كەتكەن. ئۇلار كۆچۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي موڭغۇل ھۆكۈمدارى قايدۇنىڭ قوشۇنلىرى شىمالدىن كېلىپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلغان. ئىدىقۇت خانى قوچىغار ئۇرۇشتا قازا تاپقان. شۇنىڭ بىلەن «قوچىغارنىڭ ئوغلى نيۇرىن تېگىن قالدۇق ئۇيغۇر پۇقرالىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئەينى دەۋردە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى غەربكە كۆچۈشتە ماڭغان يولنى بويلاپ قارشى يۆنىلىش بويىچە غەربتىن شەرققە مېڭىپ پاناھ ئىزدەپ گەنسۇغا كەتتى. يۈەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇلارنى يۇڭچاڭغا ئورۇنلاشتۇردى.»② يۇڭچاڭ گەنسۇنىڭ شەرقىي شىمالى، لياڭجۇ ئايمىقىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەردۇر.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تۇرپان خانلىقى بارغانچە كۈچىيىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن قۇمۇلنى تالاشقان. مىڭ سۇلالىسى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، قۇمۇلنى تۇرپان خانىغا تاشلاپ چېكىنگەن. تۇرپان خانى يۇقىرى ئەسكەر كۈچى بىلەن داۋاملىق شەرققە سۈرۈلۈپ كۆپ قېتىم جيايۈگۈەنگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە ئۇرۇشتىن بىزار بولغان ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان قۇمۇل يەرلىك ئاھالىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئارقا-ئارقىدىن گەنسۇ تەۋەسىگە كۆچكەن. پەقەت 1524-يىلىدىلا خېشىي كارىدورى رايونىغا كۆچۈپ

بارغان قۇمۇل ئاھالىسى مىڭدىن ئاشقان. بۇ ھەقتىكى خاتىرىلەر «مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق كىتابتا كۆپ تىلغا ئېلىنغان.

قۇمۇل، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن باشقا XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شاجۇ تەۋەسىدە ئولتۇرۇشلۇق «سېرىق ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇرلارمۇ گەنسۇ تەۋەسىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. چۈنكى شۇ دەۋرلەردە سېرىق ئۇيغۇرلار ماكانى تۇرپانمۇ چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن سېرىق ئۇيغۇرلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ گەنسۇدا تۇرۇشلۇق ئەمەلدارلىرىدىن جيايۈگۈەننىڭ ئىچكىرىسىگە كۆچۈپ كىرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇلار «چىڭخۇانىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (مىلادى 1465 — 1487)، جىڭدېنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا (مىلادى 1506 — 1521-يىللىرىغىچە) ۋە جىڭ دېنىڭ 8-يىلى (مىلادى 1513-يىلى) ئارقا-ئارقىدىن ئىچكىرىسىگە يۆتكىلىپ سۇجۇ (ھازىرقى جيۇچۈەن) ئەتراپى ۋە گەنجۇنىڭ شىمالىدىكى تاغلىق رايونلارغا ئورۇنلاشقان.»③

دېمەك، ھازىرقى يۇغۇر مىللىتى قەدىمكى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىدىن قېپ قالغان ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن كېيىنچە ئارقا-ئارقىدىن شەرققە كۆچۈپ، گەنسۇغا كېلىپ ماكانلاشقان تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى ھەققىدىكى داستان، ھېكايىلەر يۇغۇرلار ئارىسىدا بۈگۈنكى كۈنگىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

## 2. يۇغۇرلارنىڭ تىلى

تارىخىي مەنبەلەردە يۇغۇرلارنىڭ يېقىن دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر يېزىق ئىشلەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. كېيىنچە كۆپ قېتىملىق كۆچۈش، يۆتكىلىشلەر تۈپەيلىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن.

ھازىرقى يۇغۇرلار غەربىي يۇغۇر تىلى، شەرقىي يۇغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل تىلنى قوللىنىدۇ.

يۇغۇرلار تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، غەربىي يۇغۇرلار ۋە شەرقىي يۇغۇرلار دەپ بۆلۈنگەن. ئۇلارنىڭ تىلىمۇ غەربىي يۇغۇر تىلى ۋە شەرقىي يۇغۇر تىلى دەپ ئايرىلغان. بۇ ئىككى تىل ئۆزئارا مەلۇم پەرققە ئىگە. شەرقىي يۇغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى موڭغۇل تىلى گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، موڭغۇل تىلىغا يېقىن. بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلار ئاساسەن سۇنەن يۇغۇر ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ كاڭلې رايونى، داخې رايونى ۋە خۇاڭچېڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان.

غەربىي يۇغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان يۇغۇرلار ناھىيىنىڭ مىڭخۇا رايونى ۋە

داخې، خۇاڭچاڭ رايونلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ماكانلاشقان. غەربىي يۇغۇر تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى، تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىغا تەئەللۇق بولۇپ، ئۇيغۇر قارلۇق تىللىرى بىلەن يېقىن ئالاقىغە ئىگە. سوۋېت ئېتنىپاقىنىڭ تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى س. ئى. مالوۋ (C. E. MaloB) غەربىي يۇغۇر تىلىنى «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆپرەك ساقلاپ قالغان ئۇزاق قەدىمكى زامان تۈرك تىلى بولۇپ، ئۇيغۇر يازما ماتېرىياللىرىدىكى تىل بىلەن ئېغىنقان تىلدۇر» دەپ كۆرسەتكەن.(4)

غەربىي يۇغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلۈكلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەر بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. مەسىلەن:

| غەربىي يۇغۇر تىلى | ئۇيغۇر تىلى |
|---|---|
| ana | ana |
| oγul | ooul |
| sogno | singil |
| kelən | kelin |
| aniga | anika |
| tülgə | tülkə |
| SaGəsγan | seoizhan |
| ahrslan | arslan |
| enek | enək |
| buGa | buka |
| SaGal | Sakal |
| jaxsi | yahxi |
| jimsaq | yumxak |
| ozaq | uzak |
| keŋ | kəng |
| az | az |
| Seməs | Simiz |
| jahsəl | yexil |
| gondaγ | kandaoı |
| Gohdzen | kaqan |
| ni | nimə |
| oγurla | oourla |
| erget | ügət |
| jiγla | yiola |
| Suγar | Suoar |
| SaGən | Seoin |
| Sat | Sat |
| Sola | Sola |
| bərəndzi | birinqi |
| jyzəndzi | yüzünqi |
| bər-sigə kun | bir-ikki kün |
| bes aj | bex ay |

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يۇقىرىقى ئىسىم، سۈپەت، ئالماش، پېئىل، سان قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلۈكلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكلىرى بىلەن فونېتىكا جەھەتتىنلا ئوخشاپ قالماستىن، يەنە سۆز مەنىسىمۇ ئوخشاشلىقنى ئىگە.

غەربىي يۇغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساناق سانلىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان. مەسىلەن: ئۇلار بىردىن ئونغىچە ھازىرقى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش سانايدۇ. 11 دىن باشلاپ پەرقلىنىدۇ. 11، 12، 13 …… 19 غىچە بىر يىگىرمە، ئىككى يىگىرمە، ئۈچ يىگىرمە …… توققۇز يىگىرمە دەپ سانايدۇ. 20 نى ئىككى ئون دەيدۇ. 21، 22، 23 …… 29 نى بىر ئوتتۇز، ئىككى ئوتتۇز، ئۈچ ئوتتۇز …… توققۇز ئوتتۇز دەپ سانايدۇ. 30 نى ئۈچ ئون دەيدۇ. سانلار يەنە مۇشۇ تەرتىپلەر بويىچە سانىلىدۇ. 100 نى يۈز دەيدۇ. ئون مىڭنى بىر تۈمەن، ئون مىڭ ياكى بىر ئاياق دەيدۇ.

غەربىي يۇغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى يۇغۇرلار، ئۇزاق مەزگىل ئۆز ئەتراپىدىكى شەرقىي يۇغۇرلار، موڭغۇللار، زاڭزۇلار بىلەن ئارىلىشىش داۋامىدا بىر قىسىم موڭغۇل، زاڭزۇ تىلى سۆزلۈكلىرى ئۇلارنىڭ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. شۇنداقلا ئۇلار يەنە ئازادلىقتىن بۇيان خەنزۇ تىلىدىن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلارغا دائىر يېڭى سۆزلۈكلەرنى ئۆزلۈكسىز قوبۇل قىلغان.

### 3. يۇغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى

يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان خۇيخې (ئۇيغۇر) لار چۆللۈكتىنىڭ (موڭغۇلىيە نەزەردە تۇتۇلىدۇ) شىمالىدىكى چېغىدا شامان دىنى ۋە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. شامان دىنىنىڭ قالدۇقلىرى يۇغۇرلار تۇرمۇشىدا تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن: ياتلىق بولغان قىز چېدىرنىڭ ئىككى يېقىغا يېقىلغان ئوتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ ئاندىن چېدىرغا كىرگۈزۈلىدۇ. يىگىت ياغاچتىن ياسالغان ئوقيا بىلەن قىزغا ئوق ئېتىپ، قىزنىڭ ئۈستىدىكى يامان روھلارنى قوغلايدۇ.

يۇغۇرلار تەڭرىنى «دەڭرى»، «خان دەڭرى» دەپ ئاتايدۇ (ئومۇمەن يۇغۇر تىلىدا «ت» تاۋۇشى «د» تەلەپپۇز قىلىنىدۇ). ئۇلاردا[1] بۇرۇن تەڭرىگە چوقۇنۇش ئېتىقادىمۇ بولغانىكەن.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ گەنجۇ ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە، يىپەك يولىغا جايلاشقان خېشى كارىدورى ئەتراپىغا بۇددا دىنى ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. بۇددا دىنى گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىغا تارقىلىپ، بارا-بارا گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاساسىي دىنىغا ئايلانغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنى بىلەن بىر سىستېمىدىكى لاما دىنىنى قوبۇل قىلغان. لاما دىنىنىڭ يۇغۇرلارغا

بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. يۇغۇر رايونلىرىدا ليەنخۇا، خۇاڭ ۋەن كاڭلۇڭ، مىڭخەي ساڭرامىلىرى قاتارلىق نۇرغۇن لاما ئىبادەتخانىلىرى قۇرۇلغان. ھەربىر ئائىلىدىن بىردىن كىشىنىڭ راھىب بولۇش مەجبۇرىيىتى باردى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقتا ۋە ياكى بىتاپ بولۇپ قالغاندا ئىبادەتخانىغا بېرىپ لاما تەكلىپ قىلاتتى. بالا تۇغۇلغاندا لاما تەكلىپ قىلىپ ئىسىم قويغۇزاتتى. ھەر يىلى قەرەللىك ۋاقىتتا ئىبادەتخانىلاردا چوڭ يىغىلىشلار ئۆتكۈزۈلەتتى. يۇغۇرلار رايونىدىكى لامالارنىڭ زاڭزۇ لامالىرىدىن پەرقى شۇكى، يۇغۇر لامالىرى توي قىلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە كۆپ قىسمى ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. لاما دىنى يۇغۇرلار رايونىدا تاكى ئازادلىققىچە كەڭ ئەۋج ئالغان. ئۇنىڭ تەسىرى بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلانماقتا.

## 4. يۇغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرى

1) كىيىم-كېچەك جەھەتتە:

يۇغۇرلاردا قىزلار بىلەن ئاياللارنىڭ كىيىمى پەرقلىنىدۇ. كىچىك قىزلار ئادەتتە چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ بېزىلا سېكىلەك قويۇۋالىدۇ. ئۇندىن نەچچە ياشتىن ئارتىپ چېچىنى كەسمەي ئۆستۈرىدۇ. توي قىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بەش تالدىن يەتتە تالغىچە چاچ ئۆرۈۋالىدۇ. ياتلىق بولغاندا ئۈچ تال ئۆرۈيدۇ. قىزلار قالپىقىنىڭ ئالدىغا ياكى چېچىغا پېشانىسىگىچە چۈشۈرۈپ ھەر خىل مارجان، ئۈنچىلەردىن تىكىلگەن «شادارتقا» (ئاسما) ئېسىۋالىدۇ. بويىنىغىمۇ كۈمۈش، مارجان، ئۈنچىلەردىن قىلىنغان ئاسقۇ ئاسىدۇ. قىزلار ياتلىق بولغاندىن كېيىن ئۇزۇن تون، جىلىتكە كىيىدۇ. ئۇزۇن، رەڭلىك بەلباغ باغلايدۇ. ھالقا («قۇلاق سىرغا»)، ئۈزۈك، بىلەزۈك («قولاغى») تاقايدۇ. چېچىغا ئاسقۇ ئاسىدۇ. ئاسقۇ ئۈچ تال بولىدۇ. ئىككىسى يېنىدىكى ئىككى تال چېچىغا چىگىلىپ ئالدىغا ساڭگىلىتىۋېلىنىدۇ، بۇ «قان» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر تېلى ئارقا چېچىغا چېگىلىپ قويۇلىدۇ، بۇ «تۇڭدىسىك» دېيىلىدۇ. بۇ ئاسقۇلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ. ئاسقۇلار ئادەتتە 15-20 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى ئۇزۇن رەختنىڭ ئۈستىگە مارجان، ئۈنچە، قولۇلە قېپى، كۆز مۇنچاق قاتارلىقلارنى چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ تىزىپ، ئاندىن ئۇنى رەختكە تىكىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ھەربىر تال ئاسقۇ ئۈچكە بۆلۈنگەن بولۇپ، كۈمۈش ھالقىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ھەربىر ئاسقۇنىڭ ئېغىرلىقى 2-3 كىلو كېلىدۇ. تون، جىلىتكىلەرنىڭ ياقىلىرىغا، ئىشتانلارنىڭ پۇشقاقلىرىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى كەشتىلەر تىكىلىدۇ. ئاياللار بېشىغا ئۈچلۈق قالپاق كىيىدۇ. ئۈچلۈق قالپاق ۋە ئاسقۇلارنىڭ ئۈچىغا قىزىل پۆپۈك ئورنىتىدۇ. پۇتىغا ئۆتۈك كىيىدۇ.

ئەرلەر يانىدىن تۈگمىلەيدىغان ئۇزۇن تون كىيىپ، بەلباغ باغلايدۇ. پۇتىغا ئۆتۈك، بېشىغا قالپاق كىيىدۇ.

2) يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە:

ئۇيغۇرلار ئىككى ۋاق چاي، بىر ۋاق تاماق يېيىشكە ئادەتلەنگەن. تالقان چاي ئۇلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىچىدىغان چېيىدۇر. تالقان چاي — چىنىگە تالقان، سېرىق ماي، ئۈرۈمچۈك («چۈلا»)، قايماق سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەملەنگەن سۈتلۈك چاي قۇيۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇلار ناننى تاۋىدا پۇشۇرىدۇ، پوشكال سالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇچلۇق ئېغىزلىق، يۇمۇلاق تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. مەسىلەن: تۆگە، ئىت، ئات، ئېشەك، توخۇ، چوشقا، بېلىق قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش پەرھىز قىلىنغان. ھازىر ئۇلار بۇ ھايۋانلار ئىچىدىكى توخۇ، چوشقا، بېلىق گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلەنمەكتە.

3) تۇرار - جاي جەھەتتە:

تاغ باغرىلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن چېدىر ئۆيلەردە ئولتۇرۇشىدۇ. بۇرۇن چېدىر ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئۆينىڭ تۆرىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بۇتنىڭ ھەيكىلى قويۇلاتتى، ھازىر چېدىرلار يېڭى پاسوندا ياسىلىدىغان بولدى. يەرگە كىگىز، شىردىقلار سېلىنىدۇ. سول تەرەپ يېتىپ قوپىدىغان ئورۇن بولۇپ، ئوڭ تەرەپكە ئۆي جابدۇقلىرى، قازان - قومۇش قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلىدۇ. ئادەتتە ئەر مېھمانلار ئۆينىڭ سول تەرىپىدە، ئاياللار ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرىدۇ. چېدىرنىڭ ئىشىكىنى شىمالغا قارىتىپ ئېچىشقا بولمايدۇ.

تۈزلەڭ رايونلاردا چارۋىچىلىق ياكى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن مۇقىم ئولتۇراق تۇرمۇشقا كۆچكەن بولۇپ، كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ.

4) ئۆلۈم، نەزىر - چىراق ئىشلىرى جەھەتتە:

ئۇيغۇرلار مېيىتنى دەپنە قىلىشتا ئولتۇراقلاشقان ئورنىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، يەرگە كۆمۈپ دەپنە قىلىش، ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان. ھازىر كۆپىنچە كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

(1) كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشتا، جەسەتنى پاكىز كىيىندۈرۈپ، ئاغزىغا كۆمۈش، قاشتېشى قاتارلىق نەرسىلەرنى چىشلىتىپ ياكى ئاغزى، كۆزى، قۇلىقىغا سېرىق ماي تولدۇرۇپ، بىر پارچە ئاق كىگىز ياكى ئاق رەختنىڭ ئۈستىگە جەسەتنى غەربكە قارىتىپ، يانچە ياتقۇزۇپ قويىدۇ. جەسەتنى ئادەتتە ئۈچ كۈن تۇرغۇزىدۇ. تۆتىنچى كۈنى كۆيدۈرۈش ئورنىغا ئاپىرىپ كۆيدۈرىدۇ. مېيىتنى ئۇزاتقىلى ئاياللار

بارمايدۇ. قازا تاپقۇچىنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن بۇيۇملىرى ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمۇ قوشۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. جەسەت كۆيدۈرۈلۈپ ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈندىن كېيىن، قازا تاپقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى جەسەت كۆيدۈرۈلگەن ئورۇنغا بېرىپ، جەسەت كۈلىنى يىغىپ، بىر ئاق خالتىغا قاچىلايدۇ. خالتىغا يەنە ئازراق ئاشلىق ۋە كۆل ئارىسىدىن چىققان كۆمۈش، قاشتېشىغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قوشۇپ سالىدۇ. ئاندىن شۇ يەرگە يەرلىك كولاپ خالتىنى كۆمۈپ قويىدۇ. يەرلىك ئۈستىگە چىغ تېرىپ ياكى ئاق تاشلارنى تىزىپ بەلگە سالىدۇ. يەتتىسى، 49-كۈنى ۋە يىلىدا قازا تاپقۇچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر لاما تەكلىپ قىلىپ، دۇئا ئوقۇپ، نەزىر قىلىدۇ. قازا تاپقۇچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 49 كۈنگىچە ئاياللار چاچ تارىمايدۇ، ئەرلەر چاچ-ساقاللىرىنى ئالدۇرمايدۇ. يوقۇملۇق كېسەل ۋە تۇغۇتتا قازا تاپقانلار كۆيدۈرۈلمەيدۇ. يەرنى بىر يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىپ جەسەتنى كۆمۈپ قويىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن يەرلىكنى ئېچىپ، جەسەتنى ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، ئاندىن قايتىدىن يەرلىككە قويىدۇ.

(2) ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش:

كاڭلې رايونىدا ئولتۇراقلاشقان يۇغۇرلار ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

ئادەم قازا تاپقاندا بىر كۈن دۇئا تالاۋەت قىلغاندىن كېيىن، جەسەتنى دەپنە قىلىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ بارىدۇ. جەسەتنى يالىڭاچلاپ بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كېتىشىدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن قازا تاپقۇچىنىڭ تۇغقانلىرى جەسەت قويۇلغان ئورۇنغا جەسەتنى كۆرگىلى كېلىدۇ. جەسەت بۆرىلەر تەرىپىدىن يەپ كېتىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا قازا تاپقۇچى «خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەن» بولىدۇ. ئەگەر يەپ كېتىلمىگەن بولسا، بىر يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىلىپ، يەنە لاما تەكلىپ قىلىپ، دۇئا تالاۋەت قىلغۇزىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋالدا جەسەت بۆرىلەر تەرىپىدىن يەپ كېتىلىدۇ.

خەنزۇلار كۆپرەك ئورۇنلاردا ئولتۇراقلاشقان يۇغۇرلار يەرگە كۆمۈپ دەپنە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ.

5) يۇغۇرلارنىڭ توي ئادەتلىرى:

يۇغۇرلار مونوگامىيىلىك (بىر ئەر بىر ئايال-لىق) نىكاھ تۈزۈمىگە ئىگە بولۇپ، ئۇلاردا ئاساسەن ئۈزۈق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا يەكۈنلەپ چىققان بىر قەدەر ئىلغار بولغان نىكاھ تۈزۈمىدۇر. ئىنسانلار «توپ نىكاھلىنىش»، «جۈپ نىكاھلىنىش» تۈزۈملىرىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېقىن تۇغقانلار ئارا توپلىشىشنىڭ ئەۋلادلارنىڭ

ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بولغان زېمىننىڭ چوڭقۇرلۇقىنى تەدرىجىي ھالدا تونۇپ يېتىشكە باشلىغان. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلار بارا-بارا يەككە ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىشقا كۆچكەن. بۇ جەريانىدا ئۆز ئەتراپىدىكى باشقا ئىنسانلار، تۇپىي بىلەن بەلگىلىك ئالاقىدە بولغان. مانا بۇ سەۋەبلەر ئۇرۇقتىن سىرت نىكاھلىنىش تۈزۈمىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئىمكانىيەت يارانقان.

يۇغۇرلاردا ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمى تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلۇپ كېلىنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇرۇقچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقىدۇر.

بۇرۇن يۇغۇرلاردا «ئاتا-ئانىلار كېلىشىپ توي قىلىشى» بىلەن «قىزغا كېلىنلىك كىيىمى كىيدۈرۈپ چېدىر ئايرىپ بېرىش» تويىدىن ئىبارەت ئىككى خىل توي شەكلى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى. بىز بۇ ئىككى خىل توي شەكىللىرىنى ئايرىملىقتىن بۇرۇنقى ئېلىپ بېرىلىش ئەھۋالى بويىچە كۆرۈپ ئۆتەيلى:

(1) يۇغۇرلاردا پەرزەنتلەر يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپتىن بىر قانچە ئەلچى ئىككى بوتۇلكا ھاراق ۋە بىر پارچە بىلگە (ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە قاتلانغان تۆت بۇرجەكلىك ئاق رەخت) نى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارىدۇ. ئەگەر قىز تەرەپ بۇ تويغا قوشۇلسا ھاراق بىلەن بىلگىنى قوبۇل قىلىدۇ، قوشۇلمىسا قوبۇل قىلمايدۇ. قىز تەرەپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئەتىسى ئادەت بويىچە 120 خىل توي سورايدۇ. ئوغۇل تەرەپ بىر قانچە قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ تويلۇقنى ئازايتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن ھەر ئەۋەت كىشى كەلگەندە قىز تەرەپ تويلۇقنى مەلۇم نىسبەتتە ئازايتىدۇ. يىگىتمۇ قىز تەرەپكە بېرىپ تويلۇقنى ئازايتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئاخىرى تويلۇق ئاز بولغاندا 20 نەچچە خىل، كۆپ بولغاندا 60-50 خىلدا توختايدۇ.

تويلۇق بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىككى ئائىلە توي ئىشىنى مۇزاكىرىلەشىدۇ. لاما تەكلىپ قىلىدۇ. لاما يىگىت-قىزنىڭ يېشى، مۇچىلىگە ئاساسەن توي ۋاقتىنى ھېسابلاپ بېكىتىدۇ. توي ۋاقتى بېكىتىلگەندىن كېيىن توي قىلغۇچى ئىككى تەرەپ چاقىرىلىدىغان مېھمانلىرىنىڭ تىزىملىكىنى تۈزىدۇ. توي خەۋىرى ئون كۈن بۇرۇن مېھمانلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. تويدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن توي قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى كېلىپ تويغا ياردەملىشىدۇ. توي ئىككى كۈندىن ئۈچ كۈنگىچە بولىدۇ. دەسلەپكى كۈنى قىزنىڭ ئۆيىدە، ئىككىنچى كۈنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى رەت بويىچە مېھمانلارغا قوش رومكىدىن ھاراق تۇتىدۇ. ھاراق تىزىلىپ بولغاندىن كېيىن گۆش تارتىلىدۇ. شورپىدىن كېيىن كۈتكۈچىلەر مېھمانلارغا ھاراق قۇيۇشقا باشلايدۇ. ئوغۇل تەرەپكە تەۋە مېھمانلارمۇ

قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرىغا هاراق تۇتۇپ، ئۇلارنى ئەتىسى ئوغۇل تەرەپكە بېرىپ توي ئوينىشىغا تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمانلار ۋە ساھىپخانىلار ناخشا-قوشاق ئېيتىشىدۇ. قىزغا ۋەكىل بولۇپ ناخشا ئېيتقۇچى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆزىنى مىڭ مۇشەققەتتە چوڭ قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئايرىلىشقا قىيمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ ناخشا ئېيتىپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىزنىڭ تاغىسى ۋە تۇغقانلىرى قىزغا تەسەللى بېرىش ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. كەچلىك تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن رەسمىي ئويۇن باشلىنىدۇ. مېھمانلار ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. هاراق ئىچىشىدۇ. سورۇن شۇ تەرىقىدە بىر كېچە داۋاملىشىدۇ. ئەتىسى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن قىزغا كېلىنلىك كىيىمىنى كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قىز كېلىنلىك كىيىمىنى كىيىدىغان چاغدا ئۇزۇن سىلىپ يىغلايدۇ. قىزنىڭ ئاپىسى ياكى يەڭگىلىرى يىغلاپ تۇرۇپ، قىزنىڭ چېچىغا ئاسما تاقاپ قويىدۇ. ئەتراپتىكىلەر كوللېكتىپ هالدا «ئالوي» ناخشىسىنى ئېيتىدۇ:

ئالوي، ئالوي
ئالوي، شەرق قىزاردى، قىزنىڭ كېلىنلىك كىيىمىنى كىيىدىغان ۋاقتى بولدى.
ئالوي، ئالوي
ئالوي، مېھرىبان ئاتا-ئانىسىغا قىز رەھمەت ئېيتتى.
ئالوي، ئالوي
ئالوي، قىز سۆيۈملۈك ئاپىسىنىڭ قولتۇقىدىن ئايرىلدى.
ئالوي، قىز ئاسما تاقىدى، ئانىسىنىڭ يۈرىكى سېرىلدى.
ئالوي، ئالوي
ئالوي، بۇ قايغۇ هەم خۇشاللىق يىغىسىدۇر.
ئالوي، ئالوي،
ئالوي، قۇياش كۆتۈرۈلدى، قىز ئەمدى ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان بولدى.

«قىز ئۇزۇتۇش» تا كوللېكتىپ ئېيتىلىدىغان بۇ «ئالوي» ناخشىسى ئۇيغۇرلارنىڭ قىز كۆچۈرگەندە يىگىتنى ئوراپ تۇرۇپ كوللېكتىپ ئېيتىدىغان «ئالالاۋلا» ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

كېلىنلىك تونىنى كىيگەندىن كېيىن قىز ياكى قىزغا ۋاكالىتەن باشقا بىرەيلەن «ئايرىلىش» ناخشىسىنى ئېيتىدۇ. قىز ناخشىسى ئارقىلىق ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا-ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىدۇ. ئۇلاردىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى ۋە ئەنسىرىمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. (ئەگەر قىز بىر توي ئىشىغا قارشى بولسا، ئۇ هالدا ناخشىسى ئارقىلىق ئۆز دەرد-ئەلەمىنى ۋە نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ.)

ئايرىلىش ناخشىسى ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىزنىڭ تۇغقانلىرى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىلار «بۇزۇتۇش ناخشىسى» نى ئېيتىدۇ.

سولغا بۇرۇلۇپ قىلغىن ئاناڭغا تازىم، ئېيتقىن رەھمەت،
ئوڭغا ئۆرۈلۈپ قىلغىن ئاتاڭغا تازىم، ئېيتقىن رەھمەت.
ئات تۇۋۇقى تاقىلدىماقتا، قوڭغۇرىقى جىرىڭلىماقتا.
بولدى قىزچاق ئازابلانما،
ئاپىرىپ قويىمىز ئۆزىمىز سېنى.

توي بېشى «ئاتقا چىقىڭلار» دەپ توۋلايدۇ. بۇ قىز تەرەپتىكى تويىنىڭ ئەمدى ئاخىرلاشقانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. توي كۆچۈرگۈچىلەر تويى «ئالوي» ئاھاڭىغا توۋلاپ سەپەرگە ئاتلىنىدۇ.

يۇغۇرلاردا قىز تاغىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئورنى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ. تويىدىن بۇرۇن ئالدى بىلەن تاغىسىنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ. تاغا جىيەنىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

قىز يۆتكىگەن كۈنى ئوغۇل تەرەپتىن قىز كۆچۈرگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئۇلار قىز كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ كېلىدىغان يولىدا، ئەپلىك بىر جاينى تاللاپ، كىگىز سېلىپ، ھاراق، گۆشلەرنى تىزىپ ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرىدۇ. قىز كۆچۈرگۈچىلەر كەلگەن ھامان ئوغۇل تەرەپنىڭ ئادەملىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ قىز تەرەپنىڭ ئات، تۆگىلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك. بولمىسا قىز كۆچۈرگۈچىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ھەر تەرەپكە قېچىشىدۇ. قىز تەرەپتىن كەلگەن ئاساسلىق مېھمانلار ئات، تۆگىلىرىدىن چۈشۈپ، گۆش يەپ، ھاراق ئىچكەچ ئارام ئالىدۇ. ئۇلاقلىرىدىن چۈشمىگەنلەرگە بولسا، يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرى ھاراق، گۆش يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ھاراق تۇتقۇچى دەسلەپكى قوش رومكا ھاراقنى ئاسمانغا، يەرگە چاچىدۇ. بۇ ئارقىلىق تەڭرىدىن ئاسايىشلىق تىلەيدۇ. بىر قۇر ھاراق تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلار بىلەن ساھىپخانلار ئۇلاقلىرىغا مىنىشىپ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۆيىگە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيدۇ.

يىگىت تەرەپكە يېتىپ كەلگەندە، قىز يۆتكۈگۈچىلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇلاقلىق ھەر تەرەپكە قېچىشىدۇ. يىگىت تەرەپتىن ئالدىن تەيىنلەنگەن كىشىلەر قوغلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇلاقلىرىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇۋېلىپ، ياندۇرۇپ كېلىدۇ. قىز تەرەپتىن يەنە بىرقانچە كىشى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان چېدىرنى ئاتلىق ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن بىرقانچە ئايال چېدىر ئىچىدە تۇرۇپ، ياغاچ تاۋاقلارنى چېلىپ تاراقلىتىپ، ۋارقىرىشىپ ئاتنى ئۈركۈتمەكچى بولىدۇ. ئۆيىنى ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىزنى ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. يىگىتنىڭ دادىسى ۋە تاغىسى ئۆز قولى بىلەن قىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا ھاراق تۇتىدۇ. ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنى ساھىپخانلار مېھمانخانىغا باشلايدۇ. پوشكال، تالقان

چاي مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلىدۇ. چايدىن كېيىن يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى مېھمانلارغا قوش رومكىدىن هاراق تۇتىدۇ. (مانا بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ تويى رەسمىي باشلانغان بولىدۇ). يىگىت قىز ئۈچۈن تەييارلانغان تون، ئاسقۇ، ئۈزۈك، ھالقا، بىلەزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. قىزنىڭ قولدىشى قىزنى قايتىدىن ياساندۇرىدۇ. قىز ياسىنىپ بولغاندىن كېيىن، چوڭ مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىگە ئىككى دۆۋە ئوت يېقىلىدۇ. يىگىت تال چىۋىقتىن ياسالغان ئوقيانى تۇتۇپ تۇرىدۇ. قىز مېھمانخانا ئىشىكىگە ئېلىپ كېلىنگەندە، يىگىت قىزغا قارىتىپ ئۈچ تال ئوق ئاتىدۇ. بۇ يامان روھلارنى قوغلىغانلىقتۇر. ئاندىن قىزنى ئوتتىن ئاتلىتىپ مېھمانخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

مېھمانخانىدا ئەرلەر سول تەرەپتىن، ئاياللار ئوڭ تەرەپتىن ئورۇن ئېلىشىدۇ. توي باشقۇرغۇچى يۇڭ بىلەن يۆگەلگەن، پىشقان قوينىڭ يوتىسىنى (ئاپاچىقىنى) تۇتۇپ، «يودا، يودا» قوشىقىنى ئېيتىدۇ. يىگىت بىلەن قىز مېھمانلارغا قوش رومكىدىن هاراق تۇتىدۇ. هاراقنى ئەر-ئايال مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئىچىدۇ. ياشانغانلار يۇغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانلىرىنى ۋە تويىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى قوشاقلارنى ئېيتىشىدۇ. ئىچىشىش ۋايىغا يەتكەندە ئېيتىشىشلار باشلىنىدۇ. ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ...

توي ئاخىرىدا يىگىت تەرەپ قىزنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا بىر پارچىدىن بىلىك، پىشقان گۆش، هاراق قويىدۇ. قىزنىڭ تۇغقانلىرى ھەدىيىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەگە ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن قىز مىلىنى تىزىپ مېھمانلارغا كۆرسىتىدۇ. قىز مىلى قىز ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى پەرقلىنىدۇ. قىزنىڭ ئائىلىسى يىگىت ئۈچۈن بىر قۇر كىيىم تەييارلايدۇ. يىگىت شۇ مەيداندىلا بۇ كىيىمنى يەڭگۈشلىۋالىدۇ. قىزنىڭ تۇغقانلىرى قىزنى باشلاپ كېلىپ قېيىن ئانىسىغا رەسمىي تاپشۇرىدۇ. بۇ چاغدا قىزنىڭ تاغىسى قىزنىڭ مىجەزى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى قوشاققا قېتىپ ئېيتىدۇ. يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇرۇق تۇغقانلىرى ۋە قولۇم قوشنىلىرىغا ئايرىم-ئايرىم قوش رومكىدىن هاراق تۇتۇپ، ئۇلاردىن قىزنى ئاسراشنى، كۆيۈنۈشنى، كۆز-قۇلاق بولۇشنى ئۆتۈنىدۇ. قىزنىڭ تېخى كىچىك، ئىش ئۇقمايدىغانلىقىنى دەپ، ئەگەر قىزدىن سەۋەنلىك ئۆتۈپ قالسا كەچۈرۈۋېتىشنى تىلەيدۇ.

قىز تاپشۇرۇش مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن قىزنىڭ تۇغقانلىرى قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن توي ئاخىرلىشىدۇ.

## 2. چېدىر ئايرىپ، كېلىنلىك كىيىمى كىيىش تويى

بۇ سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى خىل توي شەكلى بولۇپ، ئازادلىقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن ئەمەلدىن قالغان.

ئۇيغۇر قىزلىرى 15 ياكى 17 ياشقا (تاق ياشقا) كىرگەندە ئاتا-ئانىسى قىزىغا كېلىنلىك كىيىمى كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ.

قىز يېشىغا يەتكەندە قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى چاقىرىدۇ. لاما تەكلىپ قىلىپ ئايەت ئوقۇتىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا نەپەر ئايال قىزغا كېلىنلىك كىيىمى كىيگۈزىدۇ. كېلىنلىك كىيىمى تون، جىلىتكە، رەڭلىك بەلباغ، ئۈچلۈق قالپاق، ئۆتۈك، چاچ ئاسمىسى... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. شۇندىن تارتىپ قىز قىزلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپ ئايالىلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز ئۆيى ئەتراپىدىن قىزغا ئايرىم چېدىر تىكىپ بېرىدۇ. قىز كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلارنىڭ يېنىغا چىقىپ، تازىم قىلىپ، ئۇلارغا بىر قۇر چاي (ياكى هاراق) قۇيىدۇ. ئاندىن تۇغقانلىرى قىزنى قىز ئۈچۈن تەييارلانغان چېدىرغا يۆتكەپ قويىدۇ. ئەگەر قىز ئاتا-ئانىسى بىلەن داۋاملىق بىللە ئولتۇرۇشنى خالىسا ئاتا-ئانىسىنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كەلسىمۇ بولىدۇ. قىز كېلىنلىك كىيىمى كىيگەندىن تارتىپ تۇرمۇشتا ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ. ئەگەر كۆڭلىدىكىدەك بىرەرسىنى تاپسا ئۆزىنىڭ كىچىك چېدىرىدا بىللە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بالىلىق بولسىمۇ باشقىلارنىڭ سۆز-چۆچەكىگە ئۇچرىمايدۇ. تۇغۇلغان بالا تىلى چىققاندا، ئاپىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇۋاتقان كىشىنى «يېزنە» ياكى «تاغا» دەپ چاقىرىدۇ. باللار كۆپىنچە ئۆز ئاتىسىنى ئۇقمايدۇ، ئەگەر چىقىشالمىسا ئۇ ئەر بىلەن ئايرىلىپ كېتىپ باشقا بىرسىنى تاپىدۇ. ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئەر قىزنىڭ ئۆيىدىن نەرسە-كېرەك ئېلىپ كېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئەر قىزنىڭ ئۆيىگە دەسلەپ كەلگەندىلا قۇرۇق قول كېلىدۇ. تۇغۇلغان بالىمۇ ئايال تەرەپكە خاس بولىدۇ. بۇ جەرياندا هېچقانداق نىكاھ رەسمىيىتى ئۆتەلمەيدۇ.

قىز بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشى چوقۇم قىزنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ياردەملىشىشى كېرەك. بولمىسا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ سوغاق مۇئامىلىسىگە ئۇچرايدۇ. قىز ئەرنىڭ كونترولۇقىدا بولمايدۇ، شۇنداقلا قىزنىڭ ئائىلىدىكى ئورنى ۋە هوقۇقىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

يۇغۇرلارنىڭ بۇ خىل توي شەكلى قەدىمكى جۈپ نىكاھلىنىش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئۇ بىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نىكاھ تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### يۇغۇرلارنىڭ مىللىي سەنئىتى

يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى خېشىي كارىدورىنى

بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يىپەك يولىنى راۋانلاشتۇرغاندىن كېيىن، مىللىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ مىللىي مەدەنىيىتىمۇ تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئاساستا ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋرلەردە ناخشا-مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگىچە يېتىپ بارغان. مەسىلەن:

«جەنۇب تاغ قومۇشىدا ياسىلىدۇ بالىمان،
بۇ مۇزىكا ئەسلىدە كۇچا شەھىرىدىن چىققان.
غارايىپ بولۇپ ئۆزگەردى خەن يېرىدە كۈيلىرى،
ئۇنى لياڭجۇ ئۇيغۇرى چالىدۇ بىزگە بۈگۈن.
ياندا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر پەريات چەكسە،
يۇرت سېغىنغان مۇساپىر كۆزلىرىدە ياش راۋان.»⑤

«لياڭجۇنىڭ ئۇيغۇرلىرى قايناق ئۇسسۇل ئوينىغان،
ئىلمەك بۇرۇن، ئەتلىرى ئاپپاق قاشتېشىسىمان.
يەرگە تېگىپ سۆرۈلۈپ تۇرسا شۇڭدەك پوتىسى،
كاناپ كۆينەك پەشلىرى قايرىلىپتۇ ئىككى يان.
ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۆز تىلىدا شىۋىرلاپ،
كۆكرەك سىلاپ يەڭ شىلىپ چۈشتى ئۇسسۇلغا شۇئان ...»⑥

«تىلى بىلەن سازەندە ئۇيغۇر قاشتېشى چالغۇ چېكىپ،
تۈزىدۇ گەنجۇ ئۇسسۇلى بىزنى شۇنچە جەزىم ئېتىپ.
ھەزرىتىم ئىش جىقلىقىدىن ئۆزىمىزگە كايىماي،
تىڭشىماق ئەۋزەل بۇ سازنى ئۇيقۇلۇق تۈندىن كېچىپ.»⑦

يۇقىرىدقى نەزمىلەر خەنزۇ شائىرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىسىنىڭ كارامىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. نەزمىدە تىلغا ئېلىنغان «لياڭجۇ» ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى يۇڭچاڭ (永昌) ناھىيىسىنىڭ شەرقى، تيەنجۇ (天祝) نىڭ غەربىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. «گەنجۇ» بولسا ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭيې ناھىيىسى تەۋەسى بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پايتەختى بولغان.

دېمەك يۇغۇرلارنىڭ ئەجدادى بولغان گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئېسىل سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان. ئەمما ھازىرقى يۇغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ بۇ ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ساقلاپ قالالمىغان. ئۇلارنىڭ مۇقىم چالغۇ ئەسۋابى يوق. رىۋايەتلەردە «ئاققۇ سازى» (天鹅琴) ناملىق تارلىق سازنىڭ بولغانلىقى كېيىنچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇتتۇرۇپ قويغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئۇسسۇلىمۇ ئاددىي بولۇپ زاڭزۇلارنىڭ ئۇسسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

يۇغۇرلارنىڭ يېزىقى ساقلىنىپ قېلىنمىغاچقا، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى يۇغۇر خەلقىنىڭ مىللىي سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا توپلىغان تەجرىبىلىرى، ئەدەبىيۇي ھېسسىياتى، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى، خەلق ناخشىلىرى، رىۋايەت، ھېكايە، داستان، ماقال - تەمسىللەردە جانلىق ئەكس ئەتكەن.

خەلق ناخشىلىرى يۇغۇرلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان سەنئەت شەكلى بولۇپ، يۇغۇر دالالىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدىن يۇغۇر خەلق ناخشىلىرىنىڭ مۇڭلۇق لەرزان كۈيلىرىنى ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

ئۆرپ - ئادەت ناخشىلىرى يۇغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە توي ناخشىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، يۇغۇرلارنىڭ تويى باشلىنىشتىن تارتىپ ئاخىرلاشقىچە توي ناخشىلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. يۇغۇرلارنىڭ توي ناخشىلىرىدىن يۇغۇرلار تويىنىڭ بىر پۈتۈن كارتىنىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇغۇرلارنىڭ قوشاقلىرى قويۇق ئاھاڭدارلىققا ئىگە. ھەربىر خىل قوشاقنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بار. قوشاقلار كۆپىنچە بىۋاسىتە بايان قىلىشنى ئاساس قىلغان، ئىستىلىستىك ۋاستىلار كۆپ قوللىنىلمايدۇ. كۆپ ھاللاردا ناخشا بېشى (جۈملە بېشى) «ئوي»، «ئالوي» دېگەندەك قىستۇرما سۆزلەر بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرى «تاي، غاي، دەي» دېگەنگە ئوخشاش تاۋۇشلار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ (بەزى ناخشا ئاھاڭلىرى قۇمۇل، تۇرپان ئاھاڭلىرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ).

«شىجۇ - خاجۇ» «سارىماق» «خۇاڭ دېرچىن» قاتارلىق داستانلار يۇغۇرلارنىڭ ياقتۇرۇپ ئېيتىدىغان داستانلىرىدۇر. «شىجۇ - خاجۇ» داستانىدا يۇغۇر مىللىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك شەرققە كۆچۈش جەريانى بايان قىلىنغان. «سارىماق» بىلەن «خۇاڭ دېرچىن» دە فېئوداللىق نىكاھ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنغان. ئۇنىڭدا سارىماق بىلەن خۇاڭ دېرچىندىن ئىبارەت ئىككى نەپەر قەيسەر، تىز پۈككەس ئايالنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ئۈچ داستاننىڭ ئاھاڭى ناھايىتى مۇڭلۇق بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدۇ.

يۇغۇر ئاياللىرىنىڭ قولى چىۋەر بولۇپ، كەشتىچە تىكىشكە ناھايىتى ئۇستا، ئۇلار كىيىم - كېچەكلىرىگە، ياستۇق، يوتقان تاشلىرىغا ۋە ئۆي ياپقۇچلىرىغا خىلمۇ-خىل سۈرەتلىك چىرايلىق كەشتىلەرنى تىكىدۇ. ئۇلار يەنە شىرداق تىكىدۇ، تاغار توقۇيدۇ، كىگىز ئېتىدۇ.

دېمەك يۇغۇرلار ئۇزاق مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۆزىگە خاس

# ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا بىلىش توغرىسىدا

گاڭ شى

پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلغان ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش سىياسىتى دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلىرى ئۈچۈن گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈنمۇ گۈللىنىش ئېلىپ كەلدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قانۇنشۇناسلىق خادىملىرى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، قانۇن نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى، شۇنىڭدەك قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى جەھەتتە جانلىق، جۇشقۇن بولغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە

---

ئۆرپ-ئادەت ئەنئەنىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇلارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي خەلقلەر فولكلورىنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.


ئىزاھاتلار

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490 - جىلد (ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى).

② ئابې ناكېئو: «غەربىي ئۇيغۇرلار دۆلىتى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 94 - بەت.

③ «مىڭ سۇلالىسى تارىخى» 330 - جىلد.

④ باسكاكوۋ «تۈركىي تىللارنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈش مەسىلىسى» مىللەتلەر نەشرىياتى، خەنزۇچە، 1958 - يىل نەشرى، 30 - 27، 37 - بەتلەر.

⑤ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ئۇسسۇل سەنئىتى»، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 1980 - يىل نەشرى 49 - بەت.

⑥ ⑦ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە» ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن. مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە 81 - يىل نەشرى، 52، 43 - بەتلەر.

سىدە ئېيتىلغان سۆزدۇر.»① «ئورمان ئوغرىلاش قانۇنى توغرىسىدىكى مۇنازىرە» دېگەن ئەسەردە دەل جايىغا تەككۈزۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ستېنىرىيىدەفرانسىيىدىكىگە ئوخشاشلا، ئورمان يەنىلا ئورمان پېتى تۇرماقتا، كامچاتكىدىمۇ رەيىن ئۆلكىسىدىكىگە ئوخشاشلا، ئورمان خوجايىنلىرى يەنىلا ئورمان خوجايىنى بولۇپ تۇرماقتا. شۇڭا، ئورمانلار ۋە ئورمان خوجايىنلىرىنىڭ ئۆزى توغرىلىق قانۇن چىقىرىلىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، بۇ قانۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەت ئۇلار ئېلان قىلىنغان جاي بىلەن يېزىقتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ، خالاس»② بۇ مۇلاهىزىلەردە، ماركسنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدىكى قورال بولغان قانۇنلارنىڭ ماهىيىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى روشەن كۆرسىتىلگەن. ماركس «دىكېنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىد» كە مۇقەددىمە» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق هېسابلىغان: گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى خاتا، قانۇننى مۇناسىۋەتلەرنى، خۇددى دۆلەت شەكىللىرىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن چۈشىنىشكىمۇ، ئاتالمىش ئىنسانىيەت روهىنىڭ ئومۇمىي راۋاجلىنىشىدىن چۈشىنىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار ماددىي تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ. پرۇسسىيە دۆلىتىدە خۇسۇسىي مەنپەئەت دۆلەت، قانۇن چىقىرىش، سوت قىلىش سىستېمىلىرىنىڭ هەقىقىي خۇداسىدۇر. ئۇ سوت قىلىش ۋە هۆكۈم چىقىرىشنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قوماندانلىق قىلىدۇ، سۇبيېكتىپ قانۇن ساهەسى ياكى تەرتىپ قانۇنى ساهەسىدىكى مۇناسىۋەت قانۇن چىقىرىش ئىشىغىمۇ قوماندانلىق قىلىدۇ. ماركس ئەينى ۋاقىتتىكى سوت تەرتىپىنىڭ ئېغىر روللىنى پاش قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ئەگەر قانۇن شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئاساس قىلىدىكەن، ئۇ هالدا ئادىل هۆكۈمنىڭ بىرەر ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى سوتچىنىڭ ئادىللىقى هۆكۈم چىقىرىشنىڭ مەزمۇنى ئەمەس، پەقەت شەكلىدىنلا ئىبارەت، مەزمۇن بولسا قانۇنلاردا ئالدىن ئالا بەلگىلەپ قويۇلغان بولىدۇ. بۇ يەردە، ماركس خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ قانۇنغا بولغان چەكلەش روللىنى تېخى ئېنىق چۈشەندۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈك بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن.

1845 – يىلدىن 1846 – يىلغىچە، ماركس بىلەن ئېنگېلس بىرلىشىپ «نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» دېگەن كىتابنى يازغان ۋە ئۇنىڭدا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ۋە قانۇننىڭ ماهىيىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، دۆلەت هۆكۈمران سىنىپ كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا پايدىلىنىدىغان شەكىلدۇر، قانۇن بولسا هۆكۈمران

① «ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 – توم، خەنزۇچە نەشرى، 95 – بەت.
② «ماركس – ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 – توم، خەنزۇچە نەشرى، 150 – بەت.

سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى. ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىنىڭ كۈچىنى دۆلەت
شەكلى بىلەن ئۇيۇشتۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدە مۇناسىۋەت
بەلگىلىگەن ئىرادىسىنى دۆلەت ئىرادىسى، يەنى قانۇن بىلەن تولۇق ئىپادىلىشى
كېرەك. بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە، قانۇنىي جەمئىيەتنىڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك پەقەت
مۈلۈكدار كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولىدۇ. پرولېتارىيات بۇنى بىلگەندىلا ئاندىن بۇر-
ژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولالايدۇ ۋە بۇ ئىشقا بەل
باغلىيالايدۇ. 1847 - يىلىنىڭ ئاخىرى، «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»
ئىلمىي كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ پروگراممىسى سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى. كوممۇ-
نىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» دە، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى
توغرىسىدىكى نەزەرىيىلىرى تېخىمۇ ئېنىق بولدى. ئۇلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«سىلەرنىڭ ھوقۇقىڭلارنىڭ ئۆز سىنىپىڭلارنىڭ قانۇن دەپ ئاتىۋالغان ئىرادىسى
بولغىنىغىلا ئوخشاش، ھالبۇكى، بۇنداق ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز سىنىپىڭلارنىڭ
ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ.»① قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بۇ
توغرا يەكۈن قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكى ئىلمىي ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ. بىرىنچىدىن، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى
قانۇنغا بېرىلگەن تولۇق تەرىپ بولمىسىمۇ ۋە قانۇننىڭ بارلىق مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرىنى
تەپسىلىي ئەكس ئەتتۈرەلمىسىمۇ، لېكىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى قانۇننىڭ
ئىقتىسادىي جەھەتتە ھوكۇمران ئورۇندا تۇرىۋاتقان سىنىپ بىلەن ئورگاننىڭ باغلى-
نىشىنىڭ بارلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلستىن ئىلگىرى مۇتەپەككۇر-
لارنىڭ ھەممىسى قانۇننىڭ ماھىيىتىنى غەرەزلىك ياكى غەرەزسىز ھالدا يوشۇرغان
ياكى بۇرمىلىغان، ئۇلار قانۇننى «ئالەم روھى»، «تەبىئەت بۇيرۇقى» دەپ تەسۋىر-
لەپ، قانۇننى ھوكۇمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىدىن ئايرىۋەتكەن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلغۇچى سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى كۈچىنىڭ بارىچە
ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان. ھالبۇكى، ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى
تەلىماتى بولسا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس
يارىتىپ بەردى. ئىككىنچىدىن، قانۇندا گەۋدىلەندۈرۈلىدىغان ھۆكۈمران سىنىپنىڭ
ئىرادىسى ئۇنىڭ قوغلىشىدىغان مەنپەئىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەنپەئەت شۇ
سىنىپنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئورنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىجتىمائىي
مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارا-
ئىتى قانۇننىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىنى بەلگىلەيدۇ. «قانۇ-
نىي مۇناسىۋەتلەرنى، خۇددى دۆلەت شەكىللىرىگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن
چۈشىنىشكىمۇ، ئاتالمىش ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئومۇمىي راۋاجلىنىشىدىن چۈشىنىشـ

① «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 460 - بەت.

كىمۇ بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلار ماددىي تۇرمۇش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ.»① ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار جەمئىيىتىنىڭ قانۇنى مۇئەييەن ھالەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، يەنى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋەتلىرىنى قوغدايدىغان تۈزۈمنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە بارلىققا كەلگەن. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق قانۇنلىرى ئالدى بىلەن پرولېتارلاردىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە چىقىرىلغان، پرولېتارىياتقا قارىتا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇش بۇرژۇئازىيە قانۇنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس ئاساسىدۇر. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب بۇرژۇئازىيىنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدىن ئىبارەت. ماركسىزمغىچە بولغان پەلسەپە دۇنيانى چۈشەندۈرۈش بىلەنلا چەكلەندى، ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئىلمىي نەزەرىيىسى بولسا ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلققە دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان قورالنى بەردى، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتىنى تونۇشى جەھەتتە بىر سەكرەش بارلىققا كەلدى.

### 2. ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى سىنىپىيلىكتۇر دېگەن نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش توغرىسىدا

قانۇننىڭ سىنىپىيلىكىنى قانداق چۈشىنىش قانۇننىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بىز قانۇننىڭ سىنىپىيلىكىنى خاتا ھالدا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ۋە باستۇرۇش دەپ چۈشەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشتەك خاتا ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق ساغلاملاشتۇرۇلمىدى، ئەكسىچە، ھەممە دېگۈدەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ تۇردى. بۇ ئەھۋال «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ئارقىسىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى، ھەدېسىلا «كۈرەش قىلىش»، «دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش» بىلەنلا بولۇپ كېتىدىغان ئىنتايىن سول ھەرىكەتلەردىن تەبئىي ھالدا بىزار بولۇشتى. خىزمىتىمىزنىڭ مۇھىم نۇقتىسىدا بۇرۇلۇش بولغاندىن كېيىن، سىنىپىي كۈرەش جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇشتىن قالدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ خىزمىتىنىڭ مەركىزى زامانىۋىلاشقان

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 ـ توم، ئۇيغۇرچە يېڭى يېزىق نەشرى، 138 ـ بەت.

قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. زامانىۋىلاشقان قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1979 - يىلدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىمۇ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى، ئىقتىسادىي تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا دائىر نۇرغۇنلىغان قانۇن - نىزاملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى كىشىلەرنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن كەينى - كەينىدىن توختىماي ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەردە شەكىللەنگەن قانۇن كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. دەل ئاشۇنداق شارائىتتا، قانۇننىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدا ھەر خىل كۆز قاراشلار بارلىققا كەلدى ۋە بۇ ھەقتە مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلدى. قانۇننىڭ سىنىپىيلىكىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەر ھەم ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى ئاساسىي قائىدىلىرىگە ماس كەلمەيدۇ، ھەم ئىنسانىيەت تارىخىدا مەۋجۇت بولغان قانۇنلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغىمۇ ماس كەلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ خاتا نۇقتىئىنەزەردۇر. بۇ، قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق كۆز قارىشى. قانۇن ھەم سىنىپىيلىككە ئىگە، ھەم سىنىپىيلىكى بولمىغان ئىجتىمائىيلىققا (يەنى ئورتاقلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئىگە دەيدىغان نۇقتىئىنەزەر توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىۋى دەلىلى مۇنداق: (1) قانۇن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تۇرمۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئورتاق قائىدە، شۇڭا ئۇ تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى خاراكتېرىگە ئىگە، بۇ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ئاساسى. (2) سىنىپىي جەمئىيەتتە، قانۇننىڭ قائىدىلىرى ۋە ئىقتىدارى ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، بىر قىسمى دىكتاتورا خاراكتېرىدىكى سىنىپىي ئېزىشكە دائىر قائىدىلەر بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپقا تاقابىل تۇرۇشقا قارىتىلىدۇ، يەنە بىر قىسمى بولسا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەيدىغان قائىدىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي خاراكتېردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر قائىدىلەر بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (3) ھازىرقى جەمئىيەتتە، قانۇنلارنىڭ خېلى زور قىسمى، مەسىلەن، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى، دېڭىز قاتنىشى بىخەتەرلىكى قانۇنى قاتارلىقلار قانۇنلاشتۇرۇلغان تېخنىكا قائىدىلىرى بولۇپ، ئۇ ئادەملەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن كېلىپ چىققان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدۇ، بۇنداق قانۇنلار پەقەت ئىجتىمائىيلىققىلا ئىگە. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئايرىم قانۇنلار ئۈستىدە كونكرېت تەھلىل ئېلىپ بارغاندا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەزى ھادىسىلەرنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى مەلۇم بىر قانۇن ياكى مەلۇم بىر قانۇننىڭ بەزى ماددىلىرى ئۇنى تۈزگەن ۋە يولغا قويغان دۆلەتنىڭ ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەمەلىي ئېچىپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىشلار قانۇنىنىڭ ياكى بەزى قانۇن ماددىلىرىنىڭ يەككە - يېگانە ھالدا تەھلىل قىلىنىشىنى بىلەنلا بولۇپ كەتمەي، ئۇلارنىڭ قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئومۇمىي گەۋدىنىڭ تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدىكى سىنىپىي خاراكتېرىنى كۆرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇقەررەر ھالدا خاتا يەكۈن چىقارغان.

قانۇننىڭ سىنىپىيلىكىنىڭ مەزمۇنى نېمە؟ ئۇ سىنىپىي ئېزىش خاراكتېرى بىلەن ئوخشاشمۇ؟ پەقەت دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ۋە ئېزىش جەھەتتىلا ئىپادىلىنەمدۇ؟ بۇلارغا ئىنكار شەكلىدە جاۋاب بېرىلىدۇ. قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى مۇنداق جايلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، قانۇن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ياكى ئېتىراپ قىلىنغان ۋە دۆلەتنىڭ مەجبۇرلاش كۈچىنىڭ كاپالىتى بىلەن يولغا قويۇلىدىغان ئىجتىمائىي ھەرىكەت قائىدىلىرىدىن ئىبارەت. لېنىن قانۇننىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختالغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قانۇن دېگەن نېمە؟ قانۇن غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئۆز قولىدا تۇتقان سىنىپنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى.»①
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار دۆلىتىنىڭ قانۇنى شۇنداق، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ قانۇنىمۇ شۇنداق. لېكىن، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى قانۇن سۈپىتىدە ئىپادىلىشى ئۇ ئۆز مەيلىچە ئىش قىلسا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. قانۇن مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىدىن ۋە بۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەرىپىدىن چەكلىنىپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ھەرقانداق بىر ھۆكۈمران سىنىپ قانۇن تۈزگەندە، ئۆز ئىقتىسادىي شارائىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئېتىبارغا ئېلىشى شەرت، بەزى چاغلاردا يەنە ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلارغا مەلۇم جەھەتلەردە يول قويۇشى لازىم. قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ئۆزىنىڭ ئۇستىبەتلىكى ۋە ۋەھشىلىكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ، لېكىن، ئۇمۇ قۇللار سىنىپىنى «ئۆزىنىڭ قۇللارچە ھاياتىنى ساقلاپ قالالايدىغان شارائىت» بىلەن تەمىن ئېتىشى كېرەك.② بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش بولۇپ، يەنىلا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنىمىز ھازىرغىچە بولغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار قانۇن دېيىشىمىز ئۇنىڭ ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە قارىتىلغان. ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلىشى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ كاپالىتى بىلەن

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، 16 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 304 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 451 - بەت.

يولغا قويۇلۇشى دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ سىنىپىي خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. دۆلىـ
تىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى
رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقان ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق
دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت» دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن.
دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى قاتارلىق بىر قاتار
قانۇنلارنىڭ ھەممىسى خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى تۈزۈمنى، سوتسىيالىسـ
تىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى ۋە ئەمگەكچى ئاممىنىڭ
كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى مال - مۈلۈكلەرنى، پۇقرالارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىـ
قىدىكى قانۇنىي مال - مۈلكىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ
«مۇھىت ئاسراش قانۇنى»، «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» قاتارلىق باشقۇرۇش
خاراكتېرىدىكى قانۇنلار قارىماققا پۈتۈن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى
قوغدايدىغان تېخنىكا خاراكتېرىدىكى قانۇنلار بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ
سىنىپىي خاراكتېرى يەنىلا ناھايىتى روشەن. بىرىنچىدىن، بۇ قانۇنلار دۆلەتنىڭ
ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تۈزىلىدۇ، ئۇلار سوتسىيالىستىك قانۇن
سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئۇلارنى مۈلۈكچىلىكنىڭ خاراكتېرىدىن، دۆلەت ھاكىمىـ
يىتىنىڭ خاراكتېرىدىن ۋە ئاساسىي قانۇنىنىڭ توپ پرىنسىپلىرىدىن ئايرىپ قاراشقا
بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىت ئاسراش قانۇنىنىڭ 1 - ماددىسىدا: «بۇ قانۇن
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 11 - ماددىسىدىكى ‹دۆلەت
مۇھىتنى ۋە تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىنى قوغدايدۇ، بۇلغىنىشنىڭ ۋە باشقا ئىجتىمـ
ائىي زىياندا شلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ› دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن تۈزۈلدى»
دەپ بەلگىلەنگەن. ئاساسىي قانۇن سىنىپىي كۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرما مۇناسىۋىتىنى
ئەڭ مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدا، بۇلغىنىش پەيدا قىلىپ
مۇھىتقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ زەخىملىنىشى ۋە ئۆلۈپ كېتىـ
شىگە سەۋەبچى بولغانلارنى ياكى چوڭ زىيانلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچىلارنى قانۇن
بويىچە مەمۇرىي جاۋابكارلىق، ئىقتىسادىي جاۋابكارلىق، ھەتتا جىنايى جاۋابكار-
لىققا تارتىش لازىملىقى بەلگىلەنگەن. جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىشتا جىنايى
ئىشلار قانۇنىنىڭ ئالاقىدار ماددىلىرىغا ئاساسلىنىدۇ، جىنايى ئىشلار قانۇنى سىنىـ
پىيلىكى ئەڭ روشەن بولغان قانۇن ھېسابلىنىدۇ، بەزى دۆلەتلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش
قانۇنىنىڭ ئۆزىدە جازا پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن. ياپونىيىنىڭ مۇھىت ئاسراش
قانۇنىنىڭ 3 - بابىدا، مۇھىت ئاسراش قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىـ
غان جازا تەدبىرلىرى مەخسۇس بەلگىلەنگەن. ئىككىنچىدىن، «مۇھىت ئاسراش
قانۇنى» ۋە «يېمەكلىكلەر تازىلىقى قانۇنى» قاتارلىق باشقۇرۇش خاراكتېرىدىكى

قانۇن ــ نىزاملار دىنمۇ مۇئەييەن مۇلۇكچىلىك مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ماركس گېرمانىيىنىڭ ئورمان ئوغرىلاش قانۇنىغا باھا بەرگەندە مەنىلىك قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: «پومېشچىكلار ئۆزى خالىغانچە قانۇن چىقىرىپ، كەمبەغەللەرنىڭ قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان شاخلارنى تېرىۋېلىش ھەرىكىتىنى جىنايەت دەپ جاكارلايدۇ، چۈنكى «جىنايى ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى مەلۇم ماددا بۇيۇمىنىڭ ئورمانلارغا زىيان يەتكۈزۈشتە ئەمەس، بەلكى ئورماننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى — مۇلۇكچىلىكىنىڭ ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈشتە.»① دېمەك، پۈتكۈل دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھەممىسى ئورمان ئىگىلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، كەپ تىڭ تىڭلاش، پايلاقچىلىق قىلىش، باھا بېرىش، ساقلاش، قولغا ئېلىش ۋە چاپارمەنلىك قىلىش قورالىغا ئايلىنىپ قالغان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئورمان ئوغرىلاش قانۇنىنىڭ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقىدۇر. ھازىرقى جەمئىيەتتە، ئورمان ئاسراش قانۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇنداق تەبىئىي مۇھىتنى قوغداش، تەبىئىي بايلىقلارنى مۇۋاپىق ئېچىش ئىشلىرىغا دائىر قانۇن ــ نىزاملار ماھىيەتتە نوقۇل ھالدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى مۇۋاپىق ئېچىش ۋە ئاسراش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي؛ بەلكى تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەريانىدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى؛ نوقۇل ھالدىكى تېخنىكىلىق مەشغۇلات مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، باشقا قائىدىلەرگە ئوخشاش، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى تەشكىللەش، سىستېمىلىق ھالدا ئىپادىلەپ، مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى قاغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا.

ئىككىنچى، قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر بىلەن ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئىجتىمائىي تەرتىپ بولىدۇ، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى ۋە راۋاجلىنالىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، دۆلەت بىلەن ھەرقايسى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى، ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت زىددىيىتى ۋە تىركىشىشنى قانۇن بىلەن تەڭشەپ تۇرۇشى شەرت. قانۇن قارىمۇ ــ قارشى سىنىپلارنىڭ ھەرىكىتىنى دۆلەت ئىرادىسى شەكلى بىلەن قائىدىگە كىرگۈزىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزى ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلەرنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ، ماركس «كاپىتال»

① «ماركس ــ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1 ــ توم، خەنزۇچە نەشرى، 168 ــ بەت.

دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: دۆلەتنىڭ پائالىيەتلىرى بارلىق ئىجتىمائىي خاراكتېردا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئاممىۋى ئىشلارنى بېجىرىشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش بىلەن بىللە، ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ - قارشىلىقتىن بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك ئالاھىدە فۇنكسىيىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»①

ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي فۇنكسىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ھازىرقى باسقۇچىغا نىسبەتەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تەدبىرلەردىنلا ئىبارەت. مەسىلەن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تەڭشەپ تۇرۇش ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئوخشاش بولمىغان ساھەلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئورتاق تۇرمۇش مىزانلىرىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. ئاممىۋى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان فۇنكسىيىلەر بەزى كىشىلەر چۈشەنگەندەك سىنىپىيلىكى يوق نەرسە ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ سىنىپىي ھوكۇمرانلىققا ۋە سىنىپىي مەنپەئەتكە بېقىنىدۇ. ئېنگېلس دەل جايىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «سىياسىي ھۆكۈمرانلىق ھەممىلا يەردە مەلۇم ئىجتىمائىي فۇنكسىيىنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە كېلىپ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق پەقەت ئۆزىنىڭ بۇنداق ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلغاندىلا ئاندىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. مەدەنىيەتلىك ئەنگلىيىلىكلەرلا ھىندىستاندا بۇ نۇقتىغا ئېتىبار قىلمىدى؛ ئۇلار سۇغىرىش ئۆستەڭلىرى ۋە توغانلارنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولمىدى، ھازىر ھەر دائىم ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھىندىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىنى ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىدىن بۇرۇنقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدىكى قانۇنىي كۈچكە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ئاشۇنداق ھەرىكەتكە سەل قارىغانلىقىنى ئەمدىلا تونۇپ يەتمەكتە.»②

ئېنگېلس پىرۇسسىيە بىلەن ھىندىستاننى مىسالغا ئېلىپ، قايسى دۆلەتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمىتىنىڭ قانداق گۈللەنگەنلىكى ياكى خاراب بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال دەريا - ئۆستەڭلەرنىڭ باش مىرابى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ. ئاممىۋى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلەر دۆلەت تەشكىلىنى سىنىپتىن ھالقىغان ياكى سىنىپتىن خالىي بولغان ئورگانلارغا ئايلاندۇرالمايدۇ، قانۇنىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئىرادىسىگە ئايلاندۇرالمايدۇ. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىشتىكى مەقسىتى يەنىلا ئۆز سىنىپىغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپلەرنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت.

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 25 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 432 - بەت.

② «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 219 - بەت.

www.uyghurkitap.com

قانۇننىڭ ماھىيىتىنى توغرا تونۇشنىڭ يەنە بىر ئاچقۇچى قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى توغرا چۈشىنىشتۇر. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى كىشىلەر قانۇن سىنىپىيلىكى بولمىغان ئىجتىمائىيلىققا ئىگە دەپ قاراپ، قانۇننىڭ ماھىيىتىنى ئۇنىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن قارىمۇ - قارشى بولغان ئىجتىمائىيلىقى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. ئۇنداق بولسا، زادى قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقى بارمۇ - يوق؟ ئىجتىمائىيلىق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئۇ سىنىپىيلىك بىلەن بىرلىككە كېلەلەمدۇ - يوق؟

بۇ سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقى قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. قانۇن بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتۇر، قانۇن قائىدىلىرى بىر خىل ئىجتىمائىي قائىدە بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. قانۇننىڭ بۇنداق ئىجتىمائىيلىقى توغرىسىدا ھېچقانچە مۇنازىرە بولۇپ باققان ئەمەس، لېكىن، قانۇن سىنىپىيلىكى بولمىغان ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ياكى سىنىپىيلىققا قارىمۇ - قارشى كېلىدىغان ئىجتىمائىيلىققا ئىگە دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

دەرۋەقە، قانۇن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەيدىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش قائىدىسى، بۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدۇر. بىراق، بۇنداق ئىجتىمائىيلىق قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن زىت ئەمەس، بەلكى بىردۇر. قانۇن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەڭشىگۈچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ستىخىيىلىك ھالدا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئارزۇسى ۋە مەقسىتى بويىچە ئاڭلىق ھالدا تەڭشەيدۇ، جەمئىيەتنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلىشىش تەرىپىگە قاراپ ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، كىشىلەرگە ھازىرقى مەۋجۇت ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە قانۇنىي تەرتىپلەرنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «دۆلەت جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى؛ دۆلەت بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان ئىچكى زىددىيەتكە پېتىپ قېلىپ، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان قارىمۇ - قارشى تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋە بۇ قارىمۇ - قارشى تەرەپلەردىن قۇتۇلۇشقا ئاجىزلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇ قارىمۇ - قارشى تەرەپلەر ۋە ئۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئۆزئارا توقۇنۇشماقچى بولغان سىنىپلار ئورۇنسىز كۈرەشلەردە ئۆزىنى ۋە جەمئىيەتنى يوقىتىشقا ئېلىپ بارالمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، توقۇنۇشنى پەسەيتىپ، ئۇنى ‹تەرتىپ› دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان ۋە قارىماققا جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان بىر خىل

كۈچ بولۇشى زۆرۈر.»① قانۇن قائىدىلىرى ئىنتايىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ ۋە تەكشۈرمەيدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭدەك قانۇن قائىدىلىرى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىپىنى ئىپادىلىمەيدۇ، دۆلەت ھاكىمىيىتىدىن ئايرىلغان ھالدا جەمئىيەتتە يەككە - يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ پەرەز قىلىشقىمۇ بولمايدۇ.

قانۇن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ قانۇنى مۇئەييەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەھسۇلى، بۇمۇ قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقىدۇر. بىراق، سىنىپ ۋە سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئۆزىمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، مۇئەييەن ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن مۇئەييەن سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىنىپلار دۆلەتنى پايدىلىنىپ، سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپقا ئايلىنىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مۇشۇ سىنىپنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىرادىسىنى قانۇن دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلىقى ئەنە شۇ نۇقتىدا بىرلىككە كېلىدۇ.

مەلۇم بىر جەمئىيەتنىڭ قانۇنىنى كونكرېت تەھلىل قىلساق، ئورغۇنلىغان قانۇن - نىزاملارنىڭ مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتى ۋە تەلىپى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە تەلىپى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، مەسىلەن، تەبىئىي بايلىقنى قوغداش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلار ئاشۇنداق قانۇنلاردۇر، بۇمۇ قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۈنۈملۈك ھالدا باشقۇرۇش ياكى باشقۇرالماسلىقى ئۇنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى داۋاملىق ساقلاپ قېلىش ياكى قالالماسلىقىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. تارىختا، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىش تۈپەيلىدىن ھاكىمىيەت قولدىن كېتىپ قالغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ. دېمەك، سىنىپىيلىكنى بىۋاستە ئىپادىلىمەيدىغان ۋە روشەن بولمىغان قانۇنلارمۇ ئالدى بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان ئاساستا تۈزۈلىدۇ ۋە يولغا قويۇلىدۇ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن سىنىپىيلىكى ئەنە شۇ نۇقتىدىمۇ بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى بىلەن ئىجتىمائىيلىقىنى تەتقىق قىلىشتا، بىر تەرەپتىن، سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىۋېلىپ، قانۇننى نوقۇل ھالدا سىنىپىي كۆرەشنىڭ قورالى قىلىۋالىدىغان كۆز قاراشقا قارشى تۇرۇش لازىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ سىنىپىيلىكى

① «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 166 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن سىنىپىيلىكىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش لازىم.

### 3. ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن — تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا

ماركسىزمنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇش دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن — تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش جىياڭ زېمىن جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئوخشاشلا دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشى ۋە گۈللەپ ياشنىشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. پەقەت ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغاندىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى توغرا نىشانغا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى — دېھقان ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش لازىم. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ مۇقىم ھۆكۈمرانلىقىنى ئورناتتى، خەلقنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، دىكتاتۇرىنىڭ ئوبيېكتى تارايدى. ئەسلىدىكى دۈشمەن سىنىپلار ھازىرقى ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلارغا ئايلاندى، بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، بۇ ئۆزگىرىش دۆلىتىمىزنىڭ خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمىدى، دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى يەنىلا ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، يەنىلا ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قورال. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەن ئۇنسۇرلار ۋە جەمئىيىتىمىزگە قارشى ئۇنسۇرلار تېخى مەۋجۇت، ئۇلار بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا يەنىلا ناھايىتى چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ تەسىرى تېخى مەۋجۇت. ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلق قانۇننىڭ سىنىپىي

ماھىيىتى توغرىسىدىكى پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەتتىكى باشقا سىنىپلار ۋە تەبىقىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ئارقىلىق قائىدىگە سېلىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم.

ئىككىنچى، ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى جارى قىلىپ، ھەرخىل قانۇن - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى 40 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق تەرەپلىرىدە ئاساسەن قانۇنغا تايىنىپ ئىش كۆرۈلىدىغان بولدى، لېكىن، بىز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈشىمىز كېرەك، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا ئويلىنىشقا تېگىشلىك بولغان ئامىللارنى كۆرۈشىمىز كېرەك، بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى كونكرېت تۈزۈملەر يەنىلا تازا مۇكەممەل ئەمەس؛ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت؛ ئىقتىساد، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە ئاھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە قارىغاندا يەنىلا ناھايىتى چوڭ پەرق مەۋجۇت. بىزنىڭ دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغان بولسىمۇ، يېرى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ بولۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، مەملىكىتىمىز شانلىق مەدەنىيەتكە ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە بولسىمۇ، فېئوداللىق جەمئىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلىشى تۈپەيلىدىن، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئەنئەنىسى كەم. مانا مۇشۇ ئامىللار مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىزم نىشانىنى بويلاپ، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەرتىپلىك ئىلگىرىلەش لازىملىقىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىزم نىشانى دېگىنىمىز كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنىڭ دۆلەت ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىدا ھەقىقىي تولۇق گەۋدىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن كۆچۈرۈپ كېلىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن كاپىتالىستىك دېموكراتىيىنىڭ چەك - چېگرىسىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن چەكتىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنىڭ ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنى، سوتسىيالىستىك

تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. مەملىكىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىشلارنى باشقۇرۇش فۇنكسىيىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىقتىسادىي ساھەگە دائىر قانۇنلار دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى. مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەرگە دائىر قانۇنلارمۇ خېلى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. بۇ بىزنىڭ قانۇنلىرىمىزنىڭ خاراكتېرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى قانۇنلىرىمىزنىڭ ماھىيىتىدىكى ئەۋزەللىكنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقىدىن بولغان ئىشتۇر. سوتسىيالىستىك دۆلەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، دۆلەتنىڭ رەھبىرىي سىنىپى بولغان ئىشچىلار سىنىپى ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى، ئۇلار كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاش ئىقتىدارىغىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە گۈللەندۈرۈش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە.

«قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىللىق 3 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.

قەييۇم قۇربان تەرجىمىسى

# ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى-پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي-ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا

ئىلھام ياسىن

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تارىخ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرگە كىردى. ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن، 90-يىللاردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا تۈرلۈك پسىخىك ئالاھىدىلىكلەر، ئاڭ فورماتسىيىنىڭ كۆپ خىللىقى ۋە مۇرەككەپلىكى كېلىپ چىقتى. بۇ ھال بىزدىن ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى يېڭىلاش ۋە كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس ھالدا ھازىرقى دەۋردىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كۆپ خىل جانلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، بايرىقى روشەن ھالدا ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىسى ۋە ئاساسىي بىلىمى ھەققىدىكى تەربىيىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسى ۋە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش تەربىيىسىنى، ھەمدە ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش، بۇ ئارقىلىق ئەخلاق-پەزىلەت، ئىنقىلابىي غايە ۋە كوممۇنىزملىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تۈگىتىشكە يېتەكلەش كېرەك. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ھەرقايسى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە تۈرلۈك پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى توغرا، ئەتراپلىق كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇلاردا نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان تۈرلۈك ئىدىيىۋى مەسىلىلەر، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ماركسىزم-لېنىنىزم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئۇلۇغۋار غايە تىكلەشكە يېتەكلىشىمىز ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندە مەن كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىمدە ھېس قىلغانلىرىم ئاساسىدا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئۇلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىدىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزۈمنىڭ يۈزەكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## 1. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى

ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى ئادەتتە 17 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. ئۇلار ھازىرقى زاماندىكى بىر ئەۋلاد ياشلارنىڭ مۇنەۋۋەر قىسمى بولۇپ، مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىكى مەزگىلى دەل ھەر خىل بىلىم ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلەپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىكتىن ئىبارەت كۆپ تەرەپتىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ لاياقەتلىك ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنىڭ تەييارلىق باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى پسىخولوگلار كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ياشلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شەكىللىنىدۇ؛ ياشلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، يەنى دەل ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىدۇ؛ شۇڭا، ئالىي مەكتەپ باسقۇچى ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە جەھەتلەردە ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز، ئۆزگىرىشى چوڭ بولىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى شەكىللىنىپ ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىدىغان ھالقىلىق مەزگىل، دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ مەزگىلدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشى تېز بولۇپ، شەرتلىك رېفلېكسىنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم ناھايىتى ئېنىق، بەدىنىنىڭ ئۆسۈشى ئاساسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن، 2 - سىگنال سىستېمىسى ناھايىتى مۇھىم تەڭشەش رولىنى ئوينايدىغان بولىدۇ. ئۆزىنى بىلىشى يېڭى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىپ ئۆزى بىلەن ئەتراپتىكى شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلالايدىغان، كۆزىتىش ۋە تەپەككۇر قىلىش سەۋىيىسىنى يېتىلدۈرەلەيدىغان، ھەر خىل ئىجتىمائىي مىزانلارنى ئورنىتالايدىغان، ئورنىتىلغان شۇ ئىجتىمائىي مىزانلار ئارقىلىق ھەر خىل ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ئۆلچەپ ئۆزلىرىگە توغرا تۇرمۇش يولى تاللىيالايدىغان دەرىجىگە راۋاجلىنىدۇ. ئومۇمەن، ھازىر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تەرەپتە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئۆز - ئۆزىنى بىلىش جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ. چۈنكى ياشلىق دەۋرىدە تۇرغان ھەربىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى

ئالىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشى بىلەنلا ئالدى بىلەن ئۆز-ئۆزىگە «مەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم، قانداق ئوقۇشۇم كېرەك»، «قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىم كېرەك» دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سوئاللارنى قويىدۇ. بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش مۇقەررەر ھالدا ئۆز-ئۆزىنى بىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ چېتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار بولسا دائىم تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ۋە جىددىي ھالدا بۇ مەسىلىلەرنى ئويلىنىپ، كۆپىنچە ھاللاردا قانائەتلىنەرلىك ياكى نىسبەتەن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشىشنى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش زۆرۈرىيىتى روشەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. كېيىنكى مەزگىللەردە مەكتەپتىن ئىبارەت ئالاھىدە تۇرمۇش ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، باشقىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى باھاسىنى پەقەتلا پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىپ، ئۆزى بىلەن ئەتراپىدىكى ساۋاقداشلىرىنى ئاڭلىق ھالدا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىگە توغرا باھا بېرىش ۋە ئۆزىنى، نىسبەتەن ئەتراپلىق بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە باھا بېرىش جەريانىدا كۆپرەك نۇقتىلار ۋە قاتلاملاردىن ئۆزىنى كۆزىتىپ ۋە تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى لايىھىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئوبرازى پەقەت تاشقى قىياپەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بەلكى ئىچكى ئامىل مەسىلەن، زېھنى كۈچ، ئىقتىدار، خاراكتېر قاتارلىق ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىشكە كېڭىيىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئوبرازىغا نىسبەتەن مول مەزمۇنلارنى قوغلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى بىلىش جەھەتتىكى ئوبيېكتىپقا نىسبەتەن باھا بېرىش ئۇسۇلىنىڭ تەدرىجىي مۇكەممەللىشىشى، ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ بېيىشى، ئەقلىي كۈچىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىرادە-ئارزۇلىرىنىڭ نىسپىي ھالدا مۇقىملىشىشى، شۇنداقلا مۇستەقىللىق ھېسسىياتى، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈش ئىرادىسىنىڭ كۈچىيىشى سەۋەبىدىن ئۆزىگە بەرگەن باھاسىنىڭ ئوبيېكتىپلىق دەرىجىسى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز-ئۆزىنى بىلىش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە خېلىلا ئاكتىپلىققا ئىگە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشتا قوشۇمچە رولىنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىماستىن، بەلكى ئاساسىي رولىنى خۇشاللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نەتىجىدە بىرەر ئىشتا ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىدە دىققەت قىلىنمىغان ھەتتا ناچار ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان نۇقتىلار بولۇپ قالسا، شۇ ھامانلا خاتىرجەمسىزلىك ۋە نىزا تارتىش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بەزى تەلەپلىرى (مۇۋاپىق بولسۇن ياكى مۇۋاپىق بولمىسۇن) قاندۇرۇلماي قالسا، ھېسسىياتى جانلىنىپ كېتىپ، ئاسانلا بەزى بىر تەرەپلىمە، ئەخمىقانە ئىشلار ياكى يامان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تەربىيىلىشى بەزى ھورۇنلۇق تۈسىنى ئالغان بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ دائىم

www.uyghurkitap.com

ئۆزى توغرا دەپ قارىغان سۆز ھەرىكەتتە چىڭ تۇرىۋالىدۇ، ئۆزىنىڭ خاتالىقلىرىنى يېپىپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا تىرىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى ئوقۇغۇچىلار پەقەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىلا تەشەببۇس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىنى چەتكە قېقىپ، سىرتقى تەربىيە ئامىلىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئامىلىغا ئايلاندۇرمايدۇ. ئەكسىچە ئۇنى دائىم ئۆزىنى بوغىدىغان سىرتماق دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان گۈزەل ئارزۇلىرىنىڭ ھەم ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە، ھەم سۇبيېكتىپ شارائىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ دائىم ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ھەرقانداق بىر ئىشتا ھەدەپلا ئالدىراپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇش مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەي، بەزى ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە ياردەم بېرىش، ئۆز - ئۆزىنى بىلىشنىڭ چەكسىز كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەپ، ئۆز - ئۆزىنى بىلىشنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئۆز - ئۆزىنى بىلىش جەھەتتىكى ساغلام بولمىغان تەرەپلەرنى چەكلەش ۋە تەدرىجىي تۈگىتىش كېرەك.

2) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى ئالاھىدە بىر خىل ئەندىزە بولۇپ شەكىللەنگەن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى بىلىش پائالىيىتى ئومۇمەن تەپەككۇر قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىمۇ ھەرقانداق بىر ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلاپ قالىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ ھەم ئىلگىرىكى ئەمەلىيەت ۋە بىلىشنىڭ نەتىجىسى، ھەم يېڭى بىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەپەككۇرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكى تەپەككۇرنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئىگىلىگەن بىلىم ۋە تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ خىل ئالاھىدە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىۋاسىتە پائالىيەت تەپەككۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى تەدرىجىي ھالدا «ئىككىنچى سەپ»كە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ «غايىۋى مەن» بىلەن «رېئال مەن» توقۇنۇشۇپ قالغان ۋاقىتتا بۇ خىل ئۆزگىرىش تېزلىشىپ، ئالدى بىلەن تەپەككۇر جەھەتتە بۆسۈش بولىدۇ. نەتىجىدە باشقىلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاسانلا ئىشىنىپ كەتمەيدىغان، باشقىلار تەرىپىدىن چىقىرىلغان تەييار يەكۈننى شۇ پېتى قوللىنىشنى خالىمايدىغان ھەم ئاددىي ھالدىكى ھادىسىلەر تىزمىسىغا

قانائەتلەنمەيدىغان، بەلكى شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، نەزەرىيە جەھەتتە چوڭقۇرلۇققا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى ئۆلچىيەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنداقلا شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلىش ۋە ئىزدىنىش جەريانىدا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئىز قالدۇرۇشنى ھەممە بىر تۈرلۈك ئۇدۇل يولىنىڭ بولۇشنى، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىي ئۇقۇملار ئارقىلىق مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشنى، قىسقىراق سۆز - جۈملە ۋە بەلگىلەرنىڭ كۆپرەك ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. قىسقىسى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇھىتتا ئۆگىنىش ۋە جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشىش ئارقىلىق نىسبەتەن كۆپرەك ئابستراكت ئۇقۇم، ئاساسىي قائىدە - قانۇنىيەت ۋە فورمۇلالارنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ شەيئىلەر ئۈستىدىن سىستېمىلىق ھالدا نەزەرىيە جەھەتتە ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىپ، تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشى تەپەككۇردىكى ئىجادچانلىقنى كۈچەيتىپ، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۆزىگە خاس ھەل قىلىش چارىلىرى ۋە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ئاددىي ھالدىكى ئۇچۇر ۋە بىلىملەرنى ئىگىلەش پائالىيىتىدىن تەپەككۇر ئارقىلىق پىششىقلاپ ئىشلەپ، بەزى ئۆزىگە خاس يېڭى كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش پائالىيىتىگە ئۆزگىرىدۇ. لېكىن تەپەككۇرنىڭ مۇستەقىللىقى ئۇلارنىڭ كۆڭۈلدىكى بىكىنمىچىلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بەزى مەسىلىلەرنى يۈزەكى ۋە بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىۋېلىپ ئۇنىڭدىن خاتا يەكۈن چىقىرىدۇ. مەسىلەن: بەزى ساۋاقداشلار سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ئەۋزەل ياكى ئەۋزەل ئەمەسلىكىنى سېلىشتۇرغاندا، كاپىتالىزمنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ۋە تارىخىي يۈزلىنىشىگە سەل قارايدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ھازىرقى بەزى مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى تارىخىي ئەھۋالى ۋە بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە، شۇنداقلا ئومۇمىي يۈزلىنىشىگە سەل قارايدۇ. سوتسىيالىزمنى پەقەت تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەنلا سېلىشتۇرۇپ، تەرەققىي قىلمىغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرۇشقا سەل قارايدۇ. نەتىجىدە، كاپىتالىزم سوتسىيالىزمدىن ئەۋزەل، دېگەن خاتا يەكۈننى چىقىرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار مەسىلىلەرگە پەقەت ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىگە تايىنىپلا باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى، ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوڭقۇر تونۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

3) ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھېسسىيات جەھەتتە ناچار كەيپىياتنى ئۆزلۈكسىز تەڭشەپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە شەيئىلەرگە قارىتا ھەم ئىچكى چۈشەنچىگە، ھەم سۇبيېكتىپ پوزىتسىيىگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتىنى پەيدا قىلىدۇ. تەپەككۇر ئەندىزىسىنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ كەيپىيات ۋە ھېسسىياتنىڭ تەرەققىياتى ئېنىلگىرى سۈرۈلىدۇ ۋەئالىي مەكتەپتىن ئىبارەت ئالاھىدە تۇرمۇشتا كەڭ ۋە تولۇق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى ۋە ئىجتىمائىي تەلىپى مۇئەييەن دەرىجىگە يېتىپ، ھەر خىل ئارزۇ ۋە يېڭى تەلەپلىرىنى پەيدا قىلغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتى مول مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. بۇ ئۇلاردا قىممەتلىك سىياسىي قىزغىنلىق، ۋەتەن ۋە مىللەتنى قىزغىن سۆيۈش، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىنى ئۈمىد قىلىش، ھەقىقەتكە ئىنتىلىش، كىشىلىك تۇرمۇشنى تەھلىل قىلىشتەك ھېسسىياتنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ياخشى ھېسسىيات توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەقىل ئىدرەكنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىزغىنلىق ۋە ئالغا ئىنتىلىشنى قوزغىتىدۇ. لېكىن ئۇلار بەزىدە ساغلام بولمىغان ھېسسىيات ۋە كەيپىياتلارنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆز - ئۆزىنى ۋە شەخسنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، «ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلەش» دېگەنگە ئىشىنىپ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياكى ئۆزئارا قارشىلىشىش ياكى ئۆزئارا پايدىلىنىش مۇناسىۋىتى دەپ قارايدۇ. بۇ ئالىي مەكتەپلەردىكى بەزى ناچار كەيپىياتنى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئۆتكەن يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ مىسال بولالايدۇ. شۇڭلاشقا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنى غايە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ بىلىش، يۈزەكى نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە ئەھمىيەتسىز قاراشتەك بىر تەرەپلىمىلىكىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىپ، ئۇلاردا توغرا دۇنيا قاراشنى تۇرغۇزۇش، بىرەر ئىشقا يولۇققاندا ئالدى بىلەن «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى كۆپرەك قويۇپ، ھېسسىياتقا بېرىلىپلا ئىش قىلىش روھىي ھالىتىدىن ساقلىنىشقا ياردەم بېرىش كېرەك.

4) تەسەۋۋۇر كۈچى جانلىنىپ، غايىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش جەريانىدا مول مەزمۇنلۇق

ۋە جانلىق تەسۋىرىي ماتېرىياللارنى توپلاپ، تەسەۋۋۇرنىڭ قايتا پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىدۇ ھەمدە ئابستىراكت تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر جەريانىدا تىپىك ئوبراز يارىتىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئوبيېكتنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق غايىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. غايە دېگىنىمىز — كىشىلەر ئەمەلىيەت جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن مەلۇم نىشان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ھەم ئەمەلگە ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش ۋە ئىنتىلىش بولۇپ، ئۇ تۇغما مەۋجۇت بولىدىغان نەرسە بولماستىن، بەلكى بىلىمنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايىسى تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ غايە قارىشى بىلەن كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتى قارىشى زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ غايىسى مەيلى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ياكى تەرەققىيات سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن بەزى يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. يەنى ئۇلار كەلگۈسىگە نىسبەتەن تولۇپ - تاشقان ئىشەنچىگە ئىگە. شۇڭا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئەتىگە نەزەر تاشلاپ ئۇنى نۆۋەتتىكى كۈرەش نىشانىنى تاللاشنىڭ مەۋقەسى قىلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھۆججەيرىسى بولغان مەكتەپتىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇھىتتا ياشىغانلىقتىن ئىجتىمائىي غايە، كەسپىي غايە ۋە تۇرمۇش غايىسىگە ئىگە بولىدۇ. يەنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى ھەم مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە قاتارلىق جەھەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش غايىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەكتەپتە ئۆگەنگەن ھەر خىل بىلىم ۋە ماھارەت ئاساسىدا كەلگۈسىدە ئۆزى شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي جەھەتتە مەلۇم دەرىجىگە يېتىش ھەم مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ كەسپىي غايىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارمۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغانلىقتىن، نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماستىن، بەلكى كەلگۈسىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمگىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. لېكىن يەنە بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش جەريانىدا قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا ئېسىلىۋالغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ غايىسى قۇرۇق رومانتىك تۈس ئالغان بولۇپ، پەقەت شەخسىي نەپسىلا قوغلىشىدۇ. نەتىجىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋە دۆلەت مەنپەئەتىگە بويسۇنۇش قارىشى ئاجىزلىشىدۇ ياكى ئالىي مەكتەپنى بىر «تۆمۈر

تاۋاق» دەپ قاراپ، پەقەت ھوزۇر - ھالاۋەتنىلا قوغلىشىپ، ئۆزىگە بولغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە چاغلاپ، جەمئىيەتنى بەك ئاددىي مۆلچەرلەپ، قىيىنچىلىقلارنى ۋە ئوڭۇشسىز شارائىتنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمەي، بىرەر ئىشقا يولۇقۇپ قالسا قايمۇقۇپ خۇدىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، غايىسىز ئادەمنىڭ تۇرمۇشى مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان غايە دائىم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بەزى يامان ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى كۆپرەك ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇپ، تەسەۋۋۇرنىڭ تولۇق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئومۇم بىلەن شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى ھەل قىلىپ ئۇلۇغۋار غايە تىكلىشىگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

5) ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك. ماتارىپ - مەقسەتلىك، پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئادەم تەربىيىلەيدىغان بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى بولۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تەربىيىلىگۈچىلەرنى قانداق ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەش ھەم ئۇلارنى قانداق ئىدىيە ۋە ئېتىقادلارغا ئىگە كىشىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش - مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى مەكتەپلەرنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇھىم خىزمىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا يەنىلا دۈشمەن كۈچلەر مەۋجۇت بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا پرولېتارىياتلىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئۇلۇغۋار غايە تىكلەپ، ماتارىپنى سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ياراملىق قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش - بىزدىن باشتىن - ئاخىر سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيىنى ئالىي مەكتەپلەردىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۆتكەن يىلى ئەتىياز ۋە ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق، بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 13 - نۆۋەتلىك 4 -، 5 -، 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ مەكتەپلەرنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلىدى. لېكىن بەزى - ئالىي مەكتەپلەردىكى ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ «تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش» سۈيىقەستى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشى ۋە ھوشيارلىقى، مەكتەپلەرنى سوتسىيالىستىك

ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش قارىشى ۋە تەجرىبىسى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، ئاز بولمىغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بولۇپمۇ دۆلىتىمىز ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى زادى قانداق يولغا مېڭىشى كېرەك؟ دېگەن مەسىلىلەر بەزى ئايرىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىدە. ھازىرغىچە تولۇق ھەل بولمىدى. گەرچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ غايىسى ۋە ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ مەكتەپلەردە تەكشۈرۈش - تەرتىپكە سېلىنىشقا ئوخشاش بىرەر پائالىيەت ئېلىپ بېرىلسا «زىيالىيلار يەنە قامچىلىنىدىغان بولدى» دەپ قاراپ، «سىياسىي بەك مۇرەككەپ ھەم بەك قورقۇنچلۇق» دەپ ھېس قىلىپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتتىن زېرىكىش كەيپىياتىدا بولدى. شۇڭا بىز چوقۇم ئوقۇغۇچىلاردا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ۋە مەكتەپلەردە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تولۇق تونۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتكومنىڭ مەكتەپلەرنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىگە ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتكە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىنى، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتىكى رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ئىتتىپاق تەشكىلى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ۋە ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، كەڭ ئوقۇغۇچىلار-نىڭ تۈرلۈك ئىدىيىۋى پسىخىك قانۇنىيىتىنى توغرا ئەتراپلىق ئىگىلەپ، ئۇلارغا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ توغرا مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، توغرا بولغان دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى، قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى تۈرلۈك پاسسىپ، ناچار ئامىللارنى تۈگىتىپ، ئېسىل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، مەكتەپلەردە ۋەزىيەت تەربىيىسى ۋە دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى، ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، سوتسىيالىزمنىڭ يارامىلىق قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز باسارلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

# قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە

چېن شىمىڭ

ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەر ۋە قەدىمكى تارىخىي كىتابلار ئۇيغۇرچىغا كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرۇلماقتا. بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا، خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش تېخىمۇ ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ چۈشىنىش ۋە ئىپادىلەش جەھەتتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرگە تاقىلىدۇ. 1981-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ داشۆ ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئورنى كۈچ تەشكىللەپ «24 تارىخ» ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا ۋە بۇنىڭغا زۆرۈر ئىزاھاتلارنى بېرىشكە باشلىدى. مەن «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە» ۋە «كېيىنكى خەننامە» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، تەھرىرلەش ۋە ئىزاھلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، بىرمۇنچە تەسىرات ۋە ھاسىلاتلارغا ئىگە بولدۇم. شۇڭا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تەرجىمانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

1. ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر، ئىجتىمائىي ئەھۋال ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك.

ھەرقانداق بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشتا ئەسلى ئەسەرنىڭ سۆز جۈملىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شۇ ئەسەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋر، ئىجتىمائىي

ئەھۋال ۋە تۇرمۇش مۇھىتىنى چۈشىنىپ، پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىگە ئاساسەن، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا، شەكىلدىن مەزمۇنغا ئۆتۈپ، ئاندىن پىكىر ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ھەربىر سۆزنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى ۋە كونكرېت كونتېكىست ئىچىدىكى ھەقىقىي مەنىسىنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى ئىگىلىۋالغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن:

轩辕之时，神农氏世衰。诸候相侵伐，暴虐百姓，而神农氏弗能征。

《史记。五帝本记》

شۇەنيۈەن دەۋردە شىننۇڭشى ئەۋلادلىرى زەيىپلەشتى. ئاقساقاللار ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىپ، ئاھالىگە شەپقەتسىز زۇلۇم سالدى، لېكىن شىننۇڭشى ئەۋلادلىرى ئۇلارغا جازا يۈرۈشى قىلالمايتتى.

«قىسقىچە جۇڭگو تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بەگلىك بېكىتىش تۈزۈمى شاڭ خانلىقىدىن باشلىنىپ، جۇ خانلىقىغا كەلگەندە تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن. شۇەنيۈەن شاڭ خانلىقىدىن تەخمىنەن بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي كوممۇنا دەۋرىدە ياشىغان. ئەسلى تېكىستىكى «诸侯» سۆزى ئەمەلىيەتتە قەبىلە باشلىقلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى مەنىسى بويىچە «بەگلەر» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئەسلى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. يەنە مەسىلەن:

置左右大监，监于万国。

《史记。五帝本记》

ئوڭ، سول چوڭ مۇپەتتىشلەرنى قويۇپ، بارلىق قەبىلىلەر ئۈستىدىن نازارەت قىلاتتى.

شۇەنيۈەن دەۋرىدە، قۇللۇق تۈزۈمىدىكى دۆلەت تېخى شەكىللەنمىگەن، بەگلىك بېكىتىش تۈزۈمىمۇ تېخى باشلانمىغان. ئەسلى تېكىستىكى «国» سۆزى ئەمەلىيەتتە «ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى قەبىلە» نى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر «国» سۆزىنى خەت مەنىسى بويىچە «ئەل»، «خانلىق» ياكى «بەگلىك» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

于是舜归而言于尧帝，请流共工于幽陵，以变北狄。

《史记。五帝本记》

شۇن قايتىپ كېلىپ، چوڭ ئاقساقال ياۋغا مەلۇم قىلدى، گۇڭگوڭنى يۇلىڭغا سۈرگۈن قىلىپ، شىمالىي دىلارنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى.

«尧» قۇللۇق جەمئىيەت ياكى فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى خان، پادىشاھ ياكى بەگلىك بېگى ئەمەس، بەلكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى بىر قەبىلە باشلىقى، شۇڭا تېكىستىكى «帝» سۆزى «چوڭ ئاقساقال» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

ئەگەر بىز ئۇنى «پادىشاھ»، «خاقان» ياكى «بەگ» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئەسلى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. يەنە مىسال ئالايلى:

秦僻在雍州，不与中国诸候之会盟，夷狄遇之。

《史记。秦本纪》

چىن بەگلىكى چەت ياقىدىكى يوڭجۇ ئايمىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەرنىڭ يىغىلىشلىرى ۋە ئىتتىپاقلىرىغا قاتنىشالمايتتى، ئوتتۇرا جۇڭگودىكى بەگلىكلەر تەرىپىدىن يى-دىلار قاتارىدا قارىلاتتى.

چۈنكى، جەنگو دەۋرلىرىدە «中国» سۆزى پەقەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىنىلا كۆرسىتەتتى. چىن ۋە خەن دەۋرىگە كەلگەندە «中国» نىڭ كۆرسىتىدىغان زېمىن دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھازىرقى مەنىسى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئەگەر بىز «中国» نى ھازىرقىغا ئوخشاش ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئەسلى ئەسەر مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي خاتا ئىپادىلەپ قويىمىز. يەنە مەسىلەن:

孝元在代时，前后有三男。及窦太后得幸，前后死，及三子更死，故孝景得立。

《汉书。景帝本纪》

خاقان ۋىندى دەي بەگلىكىنىڭ بېگى بولغان ۋاقتىدا، ئاۋالقى بەگ ئاغىچىدىن ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن. دۇ خانىش ئەتىۋارلىق ئورۇنغا چىققان چاغدا، ئاۋۋالقى بەگ ئاغىچا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ھېلىقى ئۈچ ئوغلىمۇ ئىلگىرى-ئاخىر ئۆلۈپ كەتكەچكە، جىڭدى ۋەلىئەھد بولۇپ، خاقانلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغان.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «后» خەن خاقانى ۋىندىنىڭ دەي بەگلىكىگە بەگ بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغدىكى ئايالىنى كۆرسىتىدۇ، ھەرگىزمۇ ۋىندى خاقان بولغاندىن كېيىنكى ئايالىنى كۆرسەتمەيدۇ. شۇڭا «بەگ ئاغىچا» دەپ تەرجىمە قىلىنغان؛ «窦太后» خەن خاقانى جىڭدىنىڭ ئانىسى بولۇپ، «窦» خانىش ۋاقتىدا يولدىشى ۋىندىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان، شۇڭا «窦太后» «دۇ خانىش» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. ئەگەر «后» بىلەن «窦太后» خەت مەنىسى بويىچە ئايرىم-ئايرىم ھالدا «خانىش» ۋە «دۇ خان ئانا» دەپ تەرجىمە قىلىنسا، ئۇ ھالدا ئەسلى تېكىستىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش قىيىن بولغان بولاتتى.

2. سۆز مەنىسىنى ئەستايىدىل چۈشىنىش كېرەك.

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان قەدىمكى خەنزۇ تىلى ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن تىل بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەت بار. لېكىن تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان ئىنكاسى ناھايىتى سەزگۈر بولغاچقا، ئۇنىڭ

تەرەققىياتىمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ. ئۇ ھامان ئالاھىدە ئۆزگىرىش ھالىتى ئىچىدە تۇرغان بولىدۇ. شۇڭا گىراممatikا بىلەن سېلىشتۇرغاندا خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى سۆزلەر بىلەن ھازىرقى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن زور. شۇ سەۋەبتىن، خەنزۇ تىلىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، سۆز مەنىسىنى چۈشىنىش ئەڭ مۇھىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1) قەدىمكى سۆزلەر بىلەن ھازىرقى سۆزلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەنا پەرقىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى شۇ سۆزنىڭ قەدىمكى مەنىسى بىلەن مەنا جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ. سەللا دىققەت قىلمايدىغان بولساق، خەتنىڭ ھازىرقى مەنىسىگە قاراپلا تەبىر بېرىپ قويىمىز-دە ئەسەرنىڭ ئەسلى مەنىسىنى خاتا چۈشىنىپ قالىمىز. شۇڭا بۇنىڭغا ھەرگىزمۇ بىخەستەلىك قىلماسلىق كېرەك.

我儿子，安敢望汉天子！汉天子·我丈人行也。

《汉书。匈奴传》

مەن بالا بولۇپ، خەن خاقانى ئاتىنا يولۇق بولغاچقا، خاپا قىلسام بولماس!

«望» سۆزى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا كۆپ مەنىلىك سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم مەنىلىرى تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. لېكىن «责怪»، «得罪» قاتارلىق مەنىلىرى ھازىر ئىنتايىن كەم قوللىنىلىدۇ، ھەتتا يوق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىز كونتېكىستىكى «望» خېتىنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى مەنىلىرى ئىچىدىن مۇۋاپىق بولغان بىر مەنىسىنى تاللىماي، خەت مەنىسىگە قاراپلا تەبىر بېرىپ، ھازىرقى خەنزۇ تىلىدا دائىم قوللىنىلىدىغان «قارىماق» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىپ قويىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. «丈人» دېگەن سۆزنىڭ ھازىرقى مەنىسى «قېيىن ئاتا». لېكىن قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا بولسا «ئالدىنقى بوغۇن، چوڭلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز خەت مەنىسىگە قاراپلا «قېيىن ئاتا» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئۇ ھالدا خاتا بولىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

皇帝让书再至，发使以书报。

《汉书。匈奴传》

خاقان قايتا-قايتا مەكتۇپ ئارقىلىق بىزنى ئەيىبلىدىلەر. ئەلچى ئارقىلىق جاۋابىمنى بەردىم.

ئەسلى تېكىستىكى «让» خېتى «ئەيىبلەش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، «让书» سۆزى «ئەيىبلەش خېتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز خەت مەنىسىگە

www.uyghurkitap.com

قاراپلا، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «يول قويۇش» مەنىسىدە تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى توغرا ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ. يەنە مەسىلەن:

是时雁门尉史行徼，见寇，保此亭。

《汉书。匈奴传》

دەل شۇ ۋاقىتتا، يەنمېننىڭ كۆزەتچى بېگى دۈشمەننى كۆرۈپ قېلىپ، قاراۋۇلخانىغا يوشۇرۇنىدۇ.

ئەسلى تېكىستتىكى «保» سۆزى «كىرىش، يوشۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز خەت مەنىسىگە قاراپلا، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «قوغدىماق» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئۇ هالدا تەرجىمە ئەسلى تېكىست بىلەن ماسلاشماي قالىدۇ.

يەنە بىر مىسال ئالايلى:

于是匈奴得宽，复稍度河南与中国界于故塞。

《史记。匈奴传》

شۇنىڭ بىلەن قولايلىق شارائىتقا ئېرىشكەن هونلار يېڭىۋاشتىن تەدرىجىي هالدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتۈپ، چىن خاقانلىقى بىلەن قەدىمكى چېگرا بويىچە چېگرىداش بولغانىدى.

ئەسلى تېكىستتىكى «稍» سۆزى «تەدرىجىي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنى هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «سەل - پەل، ئازراق» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئۇ ۋاقىتتا ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

يەنە مەسىلەن:

百姓闻之，知与不知，无老壮皆为垂涕。

《汉书。李广苏建传》

ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئاهالە، مەيلى لى گۇاڭنى تونۇيدىغان، تونۇمايدىغانلار بولسۇن، مەيلى قېرى ياكى ياش بولسۇن، هەممىسى كۆز يېشى قىلىشىدۇ.

ئەسلى تېكىستتىكى «涕» سۆزى «كۆز يېشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر بىز ئۇنى خەت مەنىسىگە قاراپلا، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «ماڭقا» دېگەن مەنىدە تەرجىمە قىلىپ قويساق، كۈلكىگە قالىمىز.

2) ئۇلاپ ئىشلىتىلگەن تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنى قوش بوغۇملۇق بىر سۆز دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك.

قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەر تاق بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئاساس قىلسا، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى سۆزلەر قوش بوغۇملۇق سۆزلەرنى ئاساس قىلىدۇ. هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرغۇنلىغان قوش بوغۇملۇق سۆزلەر قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنىڭ دائىم ئۇلاپ

ئىشلىتىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۆزلەرنىڭ قەدىمكى مەنىسى بىلەن ھازىرقى مەنىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ. شۇڭا بىز قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان چېغىمىزدا قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئۇلاپ ئىشلىتىلگەن تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى قوش بوغۇملۇق بىر سۆز دەپ چۈشىنىپ قالماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن:

诸宿将所将士兵亦不如骠骑。

《汉书。卫青霍去病传》

كونا سەركەردىلەرنىڭ سىپاھ - بەگلىرى ۋە قورال - ياراقلىرى قىران چەۋەنداز سەنگۈننىڭكىگە يەتمەيتتى.

ئەسلى تېكستتىكى «士» «ئەسكەر» نى بىلدۈرىدۇ، «兵» «قورال - ياراق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا ئۇلاپ ئىشلىتىلگەن بۇ ئىككى سۆز ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «士兵» دېگەن قوش بوغۇملۇق بىر سۆز بىلەن شەكىلداش بولۇپ قالغان. ئەگەر بىز «士兵» نى قوش بوغۇملۇق بىر سۆز دەپ قاراپ «ئەسكەر» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

战士不离伤，十万之众咸怀集服。

《史记。匈奴列传》

ئۇرۇشتا خان لەشكەرلىرىنى چىقىمغا ئۇچراتماي، ھونلارنىڭ ئون تۈمەن ئادىمىنى بويسۇندۇردى.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «战» «كۆرەش» ياكى «ئۇرۇش» دېگەن مەنادا كەلگەن. ئەگەر بىز سەللا دىققەت قىلماي «战士» دېگەن تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنى ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «战士» دېگەن قوش بوغۇملۇق بىر سۆز مەنىسىدە چۈشىنىپ، ئۇنى «جەڭچى» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئۇ چاغدا ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى بۇزۇپ قويغان بولىمىز. يەنە مەسىلەن:

安息地方数千里，最为大国。

《史记．大宛列传》

ئارشاك يەر مەيدانى بىرنەچچە مىڭ (كۋادرات) چاقىرىم بولۇپ، غەربىي ئەللەر بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت ھېسابلىنىدىكەن.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «地» «زېمىن» دېگەن مەنىنى، «方» «دائىرە» يەنى كۆلىمى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاق بوغۇملۇق بۇ ئىككى سۆز قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «地方» دېگەن قوش بوغۇملۇق بىر سۆز بىلەن شەكىلداش بولۇپ قالغان. ئەگەر ئۇنى «地方» دېگەن بىر سۆز مەنىسى بويىچە «جاي» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئۇ چاغدا

تەرجىمىمىز مۇۋاپىق بولماي قالىدۇ.

يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

李广才气，天下无双，自负其能，数与虏敌战，恐亡之。

《汉书．李广苏建传》

لى گۇاڭ قابىلىيەت ۋە جاسارەتتە تەڭدىشى يوق ئادەم. ئۇ ئۆزىگە بەك تەمەننا قويىدۇ، هونلار بىلەن كۆپ ئېلىشىدۇ. بۇ ئادەمدىن ئايرىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «才» «ئىستېدادار» دېگەن مەنىنى، «气» «جاسارەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تاق بوغۇملۇق بۇ ئىككى سۆز ئۇلاپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «才气» دېگەن قوش بوغۇملۇق بىر سۆز بىلەن شەكىلداش بولۇپ قالغان، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاڭلاتقان مەنىسى ئوخشاش ئەمەس. ئەگەر بىز «才气» دېگەن سۆزنى كونتېكستتا ئاڭلاتقان مەنىسى بىلەن دېسابلاشمايلا «تالانت» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئەسلى تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە ئامالسىز قالىمىز، چۈنكى لى گۇاڭ ئەسلىدە بىر هەربىي سەركەرد..

يەنە بىر مىسال ئالايلى:

孝昭以骨肉之亲，不忍致法，宽赦旦妻子，免为庶人。

《史记．三王世家》

خاقان جاۋدى، قان — قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقى ئۈچۈن قاتتىق جازالاشقا كۆڭلى قىيماي، ئاخىرى يەن بېگى ليۇدەننىڭ بالا - چاقىلىرىنى كەچۈرۈم قىلدى. لېكىن ئۇلارنى ئاددىي پۇقراغا ئايلاندۇردى.

بۇ مىسالدىكى «妻» بىلەن «子» قوشۇپ ئىشلىتىلگەندىن كېيىن «بالا - چاقىلىرى» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇ هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى «妻子» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىگە قارىغاندا كۆپ مۇرەككەپ. ئەگەر بىز «妻子» دېگەن ئىككى سۆزنى بىر سۆز دەپ قاراپ «خوتۇنى» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

3) كونتېكستتىكى ئىپادىلەش ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن، ياندىداش مەنا مۇناسىۋىتىدە كەلگەن قوشما سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا بەلگىلەش كېرەك.

قەدىمكى دەۋردىكى يازغۇچىلار ماقالە يازغاندا، بوغۇملارنى تەڭشەش ئۈچۈن، بەزى ۋاقىتلاردا مەنىسى ئۆزئارا قارىمۇ قارشى ياكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغان تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنى قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە بىرى مەنا ئىپادىلەيدۇ، يەنە بىرى بولسا مەنا ئىپادىلىمەيدۇ، قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. مانا مۇشۇنداق تاق بوغۇملۇق ئىككى سۆزنىڭ قوشۇپ ئىشلىتىلىشى ياندىداش مەنادا كەلگەن قوشما سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. ياندىداش مەنادا كەلگەن

قوشما سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىپادىلەشتە كونتېكستنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلىنىپ، كونكرېت تىل شارائىتىغا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك، ھەرگىزمۇ ئۇنى تەڭداش مەنادا كەلگەن مۇستەقىل ئىككى سۆز دەپ چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك. مەسىلەن:

自博望侯开外国道以尊贵，其后从使卒皆争上书言外国奇怪利害，求使。

《史记．大宛列传》

بىلىگە تۆرە چەت ئەلگە بارىدىغان يولنى ئېچىپ، ھۆرمەتلىنىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارغان كىچىك ئەمەلدارلار چەت ئەلدىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار ۋە ئۇنىڭ ئېلىمىزگە بولغان پايدىسى توغرىسىدا يۇقىرىغا مەكتۇپ سۇنۇپ، ئۆزىنىڭ ئەلچى بولۇشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ.

بۇ مىسالدىكى «利害» يانداش مەنادا كەلگەن قوشما سۆز بولۇپ، كونتېكستنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، «利» نىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنىپ، «害» نىڭ مەنىسى تەرجىمە قىلىنمىغان. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

今公常从数骑，一旦有缓急，宁可恃乎？

《史记．晁错列传》

ھازىر ھەززەتلىرى ھەمىشە بىر نەچچە چەۋەنداز نەۋكەرنىلا ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىلا، مۇبادا بىرەر جىددىي ئەھۋال چىقىپ قالسا، ئۇلار سىلىنى ھىمايىسىگە ئالالايتتىمۇ؟

بۇ مىسالدىكى «缓急» ياندداش مەنادا كەلگەن بىر قوشما سۆز بولۇپ، «急» «جىددىي ئەھۋال» دېگەن مەنىنى ئىپادىلىگەن. «缓» بولسا مەنا ئىپادىلىمەي، پەقەت قوشۇمچىلىق رولدا كەلگەن. يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

君之功高，明主所知。人臣执事，何长短而自言乎！

《汉书．张汤传》

سىزنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز دانا خاقانىمىزغا ئايان. ۋەزىر بولغان كىشى خاقانىنىڭ چاكىرى تۇرسا، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى!

بۇ مىسالدىكى «长短» ياندداش مەنادا كەلگەن بىر قوشما سۆز بولۇپ، «长» «ئارتۇقچىلىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن، «短» بولسا مەنا ئىپادىلىمەي پەقەت قوشۇمچىلىق رولدا كەلگەن. يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

魏其之东朝，盛推灌夫之善，言其醉饱得过，乃丞相以他事诬罪之。

《史记．魏其武安侯列传》

ۋېيچى تۆرىسى خان ئانا ئوردىسىغا بېرىپ، گۇەن فۇنىڭ ياخشىلىقىنى تازا تەرىپلىدى ۋە باش ۋەزىر تيەن فېننىڭ گۇەن فۇنىڭ مەس بولۇپ كەتكەندە سادىر قىلىپ قويغان خاتالىقىنى دەستەك قىلىپ، ئۇنىڭغا بەتنام

چاپلىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

بۇ مىسالدىكى «醉饱» يانداش مەنىدا كەلگەن قوشما سۆز بولۇپ، «醉» مەنا ئىپادىلىگەن، «饱» مەنا ئىپادىلىمەي، قوشۇمچىلىق رولدا كەلگەن.

3. ئەمەل ناملىرىنى تەرجىمە قىلىشتا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك.

جۇڭگو تارىخىدا ئەمەل ناملىرى، تۈرلۈك ناملىرى، ئاتاق ناملىرى تۇراقلىق، ۋاقىتلىق ۋە شان-شەرەپ خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، خىلمۇ-خىل ئاتىلىدۇ ۋە ناھايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ. ئوخشاش بىر ئەمەل نامى، مەسىلەن: «尚书» نىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەمەل ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمايدۇ؛ ئوخشاش بىر ۋەزىپىنى، مەسىلەن، دۆلەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارنى ئالساق، ئۇنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئاتىلىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنداقلا ئەمەلدارلىق تۈزۈمىدە دائىم دېگۈدەك ئىسلاھ قىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرغاچقا، ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردىكى ئوخشاش بىر ۋەزىپىدىكىلەرنىڭمۇ ئەمەل ناملىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋال قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندا خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىكى ئەمەل ناملىرىنى ئىمكان قەدەر ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇناسىپ كېلىدىغان ئەمەل ناملىرى بويىچە ئېلىش كېرەك. لېكىن ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئەمەل ناملىرى بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاش بولۇپ كەتمەيدۇ، شۇ سەۋەبتىن بىر-بىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان ئەمەل ناملىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شۇڭا كىتابخانلارنىڭ تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە چۈشىنىشىگە قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەمەل ناملىرىنى تەرجىمە قىلغاندا، مۇناسىپ كېلىدىغان ئەمەل ناملىرىنى ئىشلىتىشتىن سىرت، يەنە ئاساسىي جەھەتتىن مەنا تەرجىمىسى ياكى مەنا تەرجىمىسىگە ئىزاھ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاھاڭ تەرجىمىسى ھەددىدىن كۆپ بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. مەيلى تەڭداش كېلىدىغان ئەمەل نامىنى قوللىنايلى ياكى مەنا تەرجىمىسى قىلايلى ھەر ئىككىلىسىدە ئەمەل ناملىرىنىڭ كونكرېت تىل شارائىتىدىكى ھەقىقىي مەنىسىگە دىققەت قىلىشىمىز، ھەرگىزمۇ ئەمەل ناملىرىنى بىر خىل نام قىلىپ تەرجىمە قىلىش شەكلىگە قېلىپلاشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن:

1· 太尉‘长安候卢绾常从平定天下，功最多，可王燕。

《史记．韩信卢绾列传》

باش لەشكەر بېشى، چاڭئەن تۆرىسى لۇۋەن خاقان ئالىيلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەلنى تىنجىتىشتا كۆپ خىزمەت كۆرسەتتى، ئۇنى يەن بېگى قىلىپ تىكلەشنىكە

بولىدۇ.

2. 乃益置大司马位，大将军、骠骑将军皆为大司马。定令，令骑骠将军秩禄与大将军等。

《史记・卫将军骠骑列传》

ئوردا يەنە چوڭ سەنگۇن بىلەن قىران چەۋەنداز سەنگۇنىنى باش لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلىدى ۋە يارلىق چۈشۈرۈپ، قىران چەۋەنداز سەنگۇنىنىڭ ئورنى ۋە مائاشى چوڭ سەنگۇن بىلەن باراۋەر بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى.

چىن سۇلالىسى دەۋرىدە «太尉» مەملىكەت بويىچە ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ نامى. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىمۇ يەنىلا «太尉» دېگەن نام داۋاملىق ئىشلىتىلىپ كەلگەن. خەن خاقانى ۋۇدىنىڭ يۈەنشۇ 4-يىلىغا كەلگەندە، «太尉» دېگەن ئەمەل نامى بىكار قىلىنىپ «大司马» دەپ ئاتالغان، لېكىن خىزمەت ۋەزىپىسى ئۆزگەرمىگەن. شۇڭا يۇقىرىقى مىسالدىكى «太尉» بىلەن «大司马» ئوخشاش بىر خىل نامدا تەرجىمە قىلىنغان. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

沛公引兵击阳城，使张良以韩司徒降下韩故地。

《史记・韩信卢绾传》

كېيىن پېي بېگىم لىيۇباڭ قوشۇن تارتىپ ياڭچېڭغا ھۇجۇم قىلغاندا، جاڭ لياڭنى خەن بەگلىكىنىڭ ئاقارتىش بېگى سالاھىيىتى بىلەن خەن بەگلىكى زېمىنىدىكى لەشكەرلەر ۋە خەلقنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتتى.

2. 司徒鲍昱议曰："今使人于危难之地，急而弃之，则伤死难之臣。"

《后汉书、窦融传》

ھازىر يۇقىرىلار چەت جايلارغا ئەۋەتىلىپ، بىرەر جىددىيلىكتە ئۇچرىغان چاغدا تاشلىۋېتىلسە، ئەل ئۈچۈن جان پىدا قىلىدىغان ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كېتىدۇ.

چۇنچيۇ دەۋرىدىن تارتىپ، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگىچە 《司徒》 ئىلىم-مەرىپەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن، خەن خاقانى يۈەندى دەۋرىگە كەلگەندە ۋەزىرنى 《大司徒》 دەپ ئاتىغان، شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە «大司徒» دېگەن بۇ نام يەنە 《司徒》 غا ئۆزگەرتىلگەن. شۇڭا ئوخشاش بىر ئەمەل نامىنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىشلىتىلگەن تەرجىمە نامىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

4. دەۋر تۈسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىش كېرەك.

دەۋر تۈسى شۇ دەۋرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندا ئەسەرنىڭ دەۋر تۈسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەرجىمىدە قويۇق دەۋر تۈسىگە ئىگە بولغان بىر قىسىم سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە

بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىنى ساقلاپ، ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا سادىق بولۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن ئىشلەتكەن قەدىمكى سۆزلەر چوقۇم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەر بولۇشى، يەنە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغىتىگە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەر بولۇشى كېرەك. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىگە كىرگۈزۈلمىگەن، ئىستېمالدىن ئاللىقاچان قېپقالغان سۆزلەرنى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا كىتابخانلارغا ئۇرغۇن، ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇرۇپ قويىمىز، تەرجىمىنىڭ ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولمايدۇ. مەسىلەن:

城长归，即与军士计议。

《汉书．张骞李广利传》

قەلئە بېگى قايتىپلا قاراۋۇللىرى بىلەن كېڭەشتى.

بۇ مىسالدىكى «城长» دېگەن سۆز «شەھەر باشلىقى» دەپ ئەمەس، «قەلئە بېگى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. «军士» دېگەن سۆز «مۇداپىئە جەڭچىلىرى» دەپ ئەمەس، بەلكى «قاراۋۇل» دەپ تەرجىمە قىلىنغان. چۈنكى قەلئە، قاراۋۇل دېگەن سۆزلەر ھەم قەدىمكى تۈسكە ئىگە، ھەم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىكلىك بولىدىغان سۆزلەردۇر. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

大宛以为然，遣骞，为发译导，抵康居。

《史记．大宛列传》

پەرغانىلىقلار بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ۋە تىلماچ، يول باشلىغۇچىسى قوشۇپ جياڭ چيەننى كانگاغا يەتكۈزۈپ قويغان.

بۇ مىسالدىكى «译» سۆزى «تەرجىمان» دەپ تەرجىمە قىلىنماي، «تىلماچ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان، بۇ سۆز دەۋر تۈسىگە ئىنتايىن ماس كەلگەن. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

老上稽粥单于初立，孝文皇帝复遣宗室女公主为单于阏氏。

《史记．匈奴列传》

ئاغا تەڭرىقۇت قايۇق تەختكە چىققىنى بىلەن خاقان ۋىندى يەنە خان جەمەتىدىن بولغان بىر خانىشنى تەڭرىقۇتقا ئالچى قىلىپ ئەۋەتىدۇ.

«خانىش» ياكى «مەلىكە» دېگەن سۆزلەر ئەسلىدىنلا كۈچلۈك دەۋر تۈسىگە ئىگە سۆزلەر. ئەگەر «公主» دېگەن بۇ سۆزنى «قۇنچۇي» دەپ تەرجىمە قىلساق، ئۇ ھالدا تەرجىمىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. چۈنكى «قۇنچۇي» دېگەن بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قېپقالغان سۆز بولۇپ، كىتابخانلارمۇ بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ. لۇغەتتىنمۇ ئىزدەپ تاپالمايدۇ. يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

天下之民肝脑涂地，父子暴骨中野。

《汉书．刘敬传》

ئەلدىكى پۇقرالار دەھشەتلىك ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، دالىلار ئاتا-بالىلارنىڭ جەسىدى بىلەن تولدى.

«پۇقرا» سۆزى بەلگىلىك دەۋر تۈسىگە ئىگە سۆز. ئەگەر بىز تېكىستتىكى «民» سۆزىنى «بۇدۇن» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويساق، كىتابخانلار ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدۇ، چۈنكى «بۇدۇن» سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسىدىن ئاللىبۇرۇن چۈشۈپ قالغان.

5. ئىمكانقەدەر ئوخشاش ئورۇنلۇق ئىزاھلىغۇچى بۆلەكلەرنى تولۇقلاپ ئېلىش ياكى ئەسلىدىكى تولۇق ئاتالغۇسىنى ئېلىش كېرەك.

قىسقارتىپ ئاتاش ياكى ئوخشاش ئورۇنلۇق ئىزاھلىغۇچى بۆلەكلەرنى قىسقارتىش قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ھادىسە. كىتابخانلارنىڭ ئەسلى تېكىستنى توغرا چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن، تەرجىمە جەريانىدا ئىمكانقەدەر قىسقارتىلغان ئوخشاش ئورۇنلۇق ئىزاھلىغۇچى بۆلەكلەرنى تولۇقلىشىمىز ياكى ئەسلىدىكى تولۇق ئاتىلىشى بويىچە تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا تەرجىمىمىز بىر قەدەر ئېنىق ۋە رەتلىك بولىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپادىلەش ئادىتىگە تېخىمۇ باپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

居顷之，石建卒。于是上召广代建为郎中令。

《史记．李将列传》

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شى جيەن ۋاپات بولدى. شۇنىڭ بىلەن خاقان ۋۇدى شى جيەننىڭ ئورنىغا لى گۇاڭنى ئىشىك ئاغىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

بۇ مىسالدىكى «上» خاقان ۋۇدىنى كۆرسىتىدۇ، «广» بىلەن «建» فامىلىسى قىسقارتىلغان ئادەم ئىسمى، ئەگەر بىز تەرجىمىدە قىسقارتىلغان بۇ بۆلەكلەرنى تولۇقلىمىغىنىمىزدا، كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. تەرجىمىمۇ راۋان بولمايدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

大将军引还过幕南，乃得前将军‘右将军。

《汉书．卫青霍去病传》

چوڭ سەنگۈن ۋېي چىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ قۇملۇقنىڭ جەنۇبىغا قايتىپ كەلگەندىلا، ئاندىن ئالدىنقى سەنگۈن لى گۇاڭ، ئوڭ سەنگۈن جاۋيىجى بىلەن قوشۇلغانىدى.

ئەسلى تېكىستتىكى «大将军»، «前将军»، «右将军» لەرنىڭ ئىزاھلىغۇچى بۆلەكلىرى قىسقارتىلغان، تەرجىمىدە ئەسلىدىكى ئوخشاش ئورۇنلۇق ئىزاھلىغۇچى بۆلەكلىرى تولۇقلاپ ئېلىنغان بولۇپ، مۇشۇنداق قىلمىساق، كىتابخانلار ئەسلى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى دەرھال ئاڭقىرالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com

6. مۇۋاپىق ھالدا بەزى ئىزاھاتلارنى بېرىش كېرەك.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي خاراكتېرى، ئۆرپ-ئادىتى باشقا مىللەتلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان نەرسىلىرى بولىدۇ. شۇنداقلا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىل - يېزىقىدا مۇشۇ ئالاھىدە نەرسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان كۆپلىگەن سۆزلەر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەدىمكى زاماندىكى يەر - جاي، تاغ، كۆل، دەريالارنىڭ ناملىرى ھازىرقى ۋاقىتتىكى ناملىرى بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ زېمىن دائىرىسى بىلەن جۇغراپىيىلىك ئورنىمۇ ھازىرقىسى بىلەن ئوخشاپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئاھاڭ پەرقى ناھايىتى زور بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان خەنزۇچە سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئاھاڭ بويىچە توغرا تەلەپپۇز قىلىپ تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋاللار بىزنىڭ قەدىمكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشىمىزغا مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىر قەدەر ياخشى ئۇسۇلى مۇۋاپىق ھالدا ئىزاھات بېرىشتىن ئىبارەت.

ئىزاھات بېرىش ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى تېكىستنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇپ ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلى، يەنە بىر خىلى بەت ئاخىرىغا ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلى، ئادەتتە ئىزاھات بېرىشتە بىز تېكىست ئارىسىغا قىستۇرۇپ ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانساق بولىدۇ. مۇرەككەپرەك ئىزاھات بېرىشتە بەت ئاخىرىغا ئىزاھات بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانساق بولىدۇ. ئىزاھات — كىتابخانلارنىڭ ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

汉王还定三秦，乃许信为韩王。

《汉书，韩信卢绾传》

شۇنىڭ بىلەن خەن بېگى (汉王) قېشۇننى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۈچ چىننى① قايتۇرۇۋالدى ۋە خەن شىن (韩信) نى خەن (韩) بەگلىكىنىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلەشكە ۋەدە بەردى.

خەنزۇ تىلىدىكى «汉»، «韩» دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاشلا «خەن» دەپ يېزىلىدۇ. ئەگەر بىز سۆز ئاخىرىغا قىستۇرما ئىزاھات بەرمىسەك، كىتابخانلار ئەسلى تېكىست مەزمۇنىدىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئېنىق چۈشىنەلمەيدۇ. ئەگەر «三秦» دېگەن سۆزگە بەت ئاخىرىدا بىر قەدەر تەپسىلىي ئىزاھات بەرمىسەك، كىتابخانلار ئۇنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى ئېنىق چۈشىنەلمەي قالىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

① ئۈچ چىن (三秦) — شىئاڭ يۈ چىن (دائىرىسى بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىگە توغرا كېلىدۇ) دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، چىننى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈۋەتكەن.

孝文帝十四年，匈奴大入肖关，而广以良家子，从军击胡。

《汉书．李广苏建传》

خەن خاقانى ۋېندىنىڭ 14 - يىلى (مىلادىيەدىن بۇرۇن 166 - يىلى) ھونلار شياۋگۇەن① قوۋۇقىغا بېسىپ كىرگەندە، لى گۇاڭ پاك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى② سۈپىتىدە قوشۇنغا قاتنىشىپ، ھونلارغا قارشى ئۇرۇشتى.

يۇقىرىقى مىسالدىكى «孝文帝十四年» دېگەن سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قىستۇرما ئىزاھات بەرمىسەك، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن كونكرېت ۋاقتىنى كىتابخانلار بىلەلمەي قالىدۇ. «肖关»، «良家子» دېگەن سۆزلەرگە بەت ئاستىدا ئىزاھات بەرمىسەك، كىتابخانلار بۇ سۆزلەرنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى چۈشىنەلمەي قالىدۇ. يەنە بىر مىسال كۆرەيلى:

后秦灭六国。而秦始皇使蒙恬将十万之众北击胡，悉收河南地。

《汉书·匈奴传》

چىن بەگلىكى ئالتە بەگلىكنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، چىن شىخۇاڭ مېڭ تيەننى③ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمالدىكى ھونلارغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى قايتۇرۇۋالغۇزدى.

بۇ يەردە كىتابخانلارنىڭ ئەسلى تېكىست مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىۋېلىشىغە ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، «蒙恬» دېگەن ئىسىمغا بەت ئاخىرىدا ئالاھىدە ئىزاھات بېرىلگەن.

---

① شياۋگۇەن (肖关) — ئورنى ھازىرقى نىڭخشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى گۇيۈەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، ئەدىمكى شىمالغا بارىدىغان مۇھىم جاي ئىدى.

② پاك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى (良家子) — خەن خاندانلىقى دەۋرىدە ھەربىي قوشۇن ئىككى خىل كىشىلەردىن تەركىب تاپاتتى. بىرى پاك ئائىلە دەپ ئاتالغان پۇقرالار (تېۋىپلار، باخشىلار، سودىگەرلەر، ھۈنەرۋەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ پەرزەنتلىرى، يەنە بىرى جىنايەتچىلەر.

③ مېڭ تيەن (蒙恬، م.ب؟ — 220 – يىللىرى) دەسلەپتە چىن بەگلىكىنىڭ دىۋانبېگى ئىدى. چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇ ئۇلۇغ سەنگون بولۇپ، قوشۇن بىلەن شىمالدىكى ھونلاردىن مۇداپىئە كۆرگەن ۋە سەددىچىن سېپىلىنى سالدۇرغان.

# چاغاتاي تىلىدىكى يىگىرمە بەشىنچى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» [ʔ] توغرىسىدا

ئابدۇرۇپ پولات

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىگىرمە تۆت ئۇزۇك تاۋۇش بار. بىراق، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى بولغان چاغاتاي تىلىدا بولسا، يىگىرمە بەش ئۇزۇك تاۋۇش بار. مەزكۇر يىگىرمە بەشىنچى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» چاغاتايچىغا ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەردە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ چاغاتاي يېزىقىدا «ئەين»، «ھەمزە» ۋە «ئەلف» تىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

چاغاتاي يېزىقىدا 34 ھەرپ بار. مەزكۇر يېزىقتا، ئەرەبچە سۆزلەر ئەرەبچە ھەرپلەر بىلەن، پارسچە سۆزلەر پارسچە ھەرپلەر بىلەن يېزىلىدىغان بولغاچ، بىر خىل تىل تاۋۇشى بىرقانچە خىل ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىققان. مەسىلەن، «ز» فونېمىسى «زە»، «زال». «زات»، «ئىزغى» دىن ئىبارەت تۆت ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ۋە باشقىلار.(«چاغاتاي تىلى» 109 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى) شۇ ۋەجىدىن، ماۋزۇيىمىزدىكى ئۇزۇك تاۋۇش «ئ» چاغاتاي يېزىقىدا «ئەين»، «ئەلف» ۋە «ھەمزە» دىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن.

1 . «ئەين» بىلەن ئىپادىلىنىشى: مەزكۇر «ئەين» ھەرپى (ھازىرقى يېزىقىمىزدىكى ‹غ› ھەرپىنىڭ چېكىتسىز شەكلى) ئەرەب تىلىدا بىر سىرىلغۇ، بوغۇز ئۇزۇك تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپ بولۇپ، چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرگەن «ئەين» لىك سۆزلەر بىلەن ئۇيغۇرچىغا ئۆزلىشىپ، ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال جەريانىدا ئۇ ئەسلىدىكى سىرىلغۇ، بوغۇق، بوغۇز تاۋۇشلۇق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، يەڭگىل، چېكىپلا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ئۇيغۇرچە «ئ» [ʔ] ئۇزۇك تاۋۇشنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن: تەئتىل (假期təʔtil ) مەئلۇم (已知道的məʔlum)، يەئنى (即, 也就是yəʔni )، تەئنە (挖苦, 讽刺 təʔnə)، شوئلە (光, 影子 xoʔlə)، كەئبە (克尔白kəʔbə)، مەئنا (意思, 含义 məʔna)، مۆئجىزە (奇迹 møʔjizə)، فېئل (动词, 动作, 行为 feʔl)، مەئدە (胃, 胸 məʔdə)، دېگەنلەرگە ئوخشاش.

2 — «ئەلىف» بىلەن ئىپادىلىنىشى: «ئەلىف» ھەرپى ئەرەبچىدە، شۇنىڭدەك ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە چاغاتاي يېزىقىدا ئوخشاشلا ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» نى ئىپادىلىگۈچى ھەرپ بولۇپ خىزمەت قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋە چاغاتاي يېزىقىدا ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلى پەقەت سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى بەلگىلەر زەبەر ياكى فەتھە («ئا» ياكى «ئە» تاۋۇشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، پەش ياكى زەممە (لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، زىر كەسرە («ئې» ۋە «ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ) بىلەنلا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «ات» يېزىلغان بۇ خەتنى «ئات، ئەت، ئوت، ئۆت ئۇت، ئېت» ئوقۇلىدىغان سۆز قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ «ئەلىف» [ا] نىڭ ئۈستىگە ياكى ئاستىغا «ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ، ئى» تاۋۇشلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ياردەمچى بەلگىلەرنى قويىمىز. («تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 48 -، 49 -، 54 -، 55 - بەتلەر. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى) شۇڭلاشقا، چاغاتاي يېزىقىدا «ئەلىف» ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» دېيىلىدۇ. («چاغاتاي تىلى» 107 - بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى)

3 - «ھەمزە» بىلەن ئىپادىلىنىشى: ئۆزىنىڭ باش شەكلى [ئـ]، ئوتتۇرا شەكلى [ـئـ]، ئاياغ شەكلى (بۇ شەكلىدە ئۇ ئاياغدىن ئۇلىنىدىغان «ئەلىف» ۋە ئاياغدىن ئۇلىنىدىغان «ۋاۋ» ھەرپلىرىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ كېلىدۇ) ۋە يالغۇز شەكلى [ء] دىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلگە ئىگە بولغان «ھەمزە» چاغاتاي يېزىقىدا ھەر قانداق بىر ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىگە ئوخشاش مۇستەقىل بىر ھەرپ بولۇپ، ئۇ چاغاتاي تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» [?] گە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەزكۇر ھەمزە پەقەت سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى بەلگىلەر قوشۇلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەگەر سوزۇق تاۋۇش قوشۇلماي (ساكىن بەلگىسى بىلەن) كەلسە، ئۆزىنىڭ ئەسلى تاۋۇشى «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تەئسىر (影响 tə?sir)، تەئخىر (延拖 tə?hir)، تەئكىد (强调 tə?kid)، تەئمىن (供给 tə?min)، مەئمۇر (行政人员 mə?mur)، مۆئمىن (伊斯兰教徒 mə?min) ۋە باشقىلار.

بىراق، مېنىڭ بۇ «يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش» قارىشىمغا نارازى بولىدىغانلار كەسپداشلارمۇ خېلى بار. ئۇلارنىڭ ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى، بىلسەن بايان قىلغان پىكىرلىرىنى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، ئەرەبچە سۆزلەر ئۇيغۇرچىغا پارس تىلى ئارقىلىق كىرگەن. پارسچىدا «ئەيىن» ھەرپىنى تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان ھەرپ دەيدۇ. ھالبۇكى، بىز ئۇنى چاغاتايچىدا تەلەپپۇز قىلىنغان دېسەك قانداق بولىدۇ؟ ئىككىنچى، سادايىلوۋىچ، يۇنۇس ئېكىمان

قاتارلىق مەشھۇر چاغاتايشۇناسلار ئۆز ئەسەرلىرىدە مۇنداق «چاغاتاي تىلىدا يىگىرمە بەشىنچى ئۈزۈك تاۋۇش بار» دېگەن گەپنى قىلغان ئەمەس.

بۇخىل پىكىرلەرگە نىسبەتەن مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق:

بىرىنچى، دەرۋەقە، ئۇيغۇرلار تارىختا، خۇسۇسەن چاغاتاي تىلى دەۋرىدە پارس تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېقىن تام قوشنا بولۇپ ئۆتۈشكەنىكەن، تىل جەھەتتە بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. بىراق، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەبلەردىن، ئەرەبچىدىن بىۋاسىتە سۆز قوبۇل قىلماسلىقى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇيغۇرلارغا قۇرئان ئوقۇشنى پارسلار ئۆگەتكەن دېگەن گەپ يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىراق، مىسىرغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشتا، مەككە - مەدىنىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلىشتا، سودا تىجارەت قىلىشتا پارسلارنىڭ يېتىلەپ مېڭىشىغا قاراپ قالغانلىقى سوزلەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى بىۋاسىتە بېرىپ، بىۋاسىتە كېلىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ئۆگىتىش قىلىشىپ كەلگەن. مۇشۇ جەرياندا، ئۇلار ئۆزلىرى يۈكسەك بىلگەن دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلىدىن ئۆزگەنلىگەن ئەرەبچە سۆزلەرنى «قۇرئان - كالامۇللا» نىڭ تىلىنى «ئاللانىڭ تىلى» دەپ ئەتىۋارلاپ قوبۇل قىلغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ تۈركىي تىلچە - ئەرەبچە قىلىپ تۈزۈلگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا بىۋاسىتە تىل ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىشنىڭ بولغانلىقىنى كۈچلۈك دەلىللەيدۇ. شۇڭا، بىزدىكى «تىلىمىزدىكى ئەرەبچە سۆزلەر بىزگە پارس تىلى ئارقىلىق كىرگەن» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشتا ئېغىر دەرىجىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك بار دەپ قارايمەن.

ئىككىنچى، دۇرۇست، پارس تىلىدا «ئەيىن» ھەرپى تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ دېيىلىدۇ. بىراق، بۇ مەسىلە پارس تىلى فونېتىكىسىدا تولىمۇ زىددىيەتلىك باياناتلار بىلەن شەرھلىنىدۇ. ئالايلۇق:

«əyn字母是阿拉伯字母，这个字母在波斯语中是个有形无音的辅音字母。（请看：基础波斯语第56页，民族出版社1990年1月版）

«无音的辅音» (تاۋۇشسىز ئۈزۈك تاۋۇش) دېگەننى نېمىسى؟ تاۋۇش چىقىرىلمىسا، تاۋۇش بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى «辅音» (ئۈزۈك تاۋۇش) دەيمىز؟ ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئارقىدىنلا يەنە: «不与元音母字拼读时，则要屏一下气» «əyn» 字母 (〈ئەيىن〉 بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەندە، 〈دۇ〉 نەپەسنىڭ بىر بوغۇلۇپ ئۆتۈشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.) دەپ ta?dad (سان)، mə?dən (مىنېرال) دېگەن سۆزلەرنى مىسال قىلىدۇ. (يۇقىرىقى كىتاب 56 - بەت). مەن 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى بىلەن دۆلەتلىك

مىللىي ئىشلار كومىتېتىنى بىرلىشىپ ئاچقان پارس تىلى سىنىپىغا ئوقۇغۇچى بولۇپ كىرىپ، سودا نەشرىياتى نەشر قىلغان «پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت» نىڭ مۇئەللىپلىرى ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق پارس تىلى مۇتەخەسسىسلىرى، پروفېسسور جاڭ خوڭنيەن (张鸿年) زېڭ يەنشېڭ (曾延生) ئەپەندىم، لى شياڭ (李湘) خانىملاردىن دەرس ئالغانىدىم. ئىككى يىللىق ئوقۇش جەريانىدا، بۇ ئۇستازلارنىڭ «ئەيىن» ھەرپىنى ئوقۇغاندا «屏一下气» قىلىشلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىدىم. مېنىڭ ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ سەزگىنىم شۇ بولدىكى، ئۇلار «tə?dad»، «mə?dən» دېگەندەك سۆزلەرنى ئوقۇغاندا، «ئەيىن» ھەرپىنى ئەرەبلەردەك ئېنىق سىردلاڭغۇ بوغۇز تاۋۇشى تەلەپپۇز قىلمىسىمۇ، «tə» بىلەن «dad» ئارىسىدا، «mə» بىلەن «dən» ئارىلىقىدا، «ئ» قىلىپ، نازۇككىنە بىرنى ئىنجىقلاپ ئۆتىدىكەن. مېنىڭچە، بىر ھەرپ تاۋۇشسىز (无音) بولسا، ئۇنى 《拼读》 قىلدىش (يەنى ئوقۇش، تەلەپپۇز قىلمىش) مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مەزكۇر «ئەيىن» ھەرپى تاۋۇشى بار ئۆزۈك تاۋۇش بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز ئۇنى 《拼读》 قىلىمىز (يەنى ئوقۇيمىز، تەلەپپۇز قىلىمىز) 《拼读》 قىلغان چاغدا، ئاشۇ بىزنى 《屏一下气》 قىلدۇرغان (يەنى نەپەسنىڭ بىر بوغۇلۇپ ئۆتۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بىرنى ئىنجىقلاتقان) نەرسە دەل ئاشۇ «ئەيىن» ھەرپىنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئىبارەت، خالاس. ئەڭ مۇھىمى، مەيلى قانداق بولمىسۇن، چاغاتاي تىلى مەسىلىلىرىنى چەزمەن پارس تىلى قائىدىسى بويىچە ھەل قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز يوق. شۇڭا، چاغاتاي تىلى، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنى پارس تىلىنىڭ تەييار قېلىپى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرچىنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت ئەمەلىيىتى بىلەن ھەل قىلىشىمىز، مەسىلىنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا چۈشەندۈرۈشىمىز لازىم دەپ قارايمەن.

ئۈچىنچى، دورۇست، سامايلوۋىچ، يۇنۇس ئىكمان قاتارلىقلار چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى بويىچە جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۈيۈك نەتىجە ياراتقان دۇنياۋى ئالىملار. شۇ تۈپەيلى ئۇلار بىزنىڭ قەلب تۆرىمىزدە مۆھتەرەم ئورۇنغا ئىگە. بىراق، بىز ئۇلارنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىنى، ھەربىر جۈملىسىنى چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇقەددەس دەستۇر قىلىۋالساق، بۇنداق ئەھۋالنى ئۇ ئالىملارنىڭ ئۆزلىرىمۇ راۋا كۆرمەس دەپ ئويلايمەن. چاغاتاي تىلى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىمىزنىڭ تىلى. بىزنىڭ ھازىرقى تىلىمىزدا چاغاتاي تىلىنىڭ قالدۇقلىرى، تىرىك ئامىللىرى مەۋجۇد. ھالبۇكى، بىز مۇشۇ ئالاھىدىلىكىمىز بىلەن ئاشۇنداق چاغاتاي تىلىنى پەقەت ئومۇمىيلىق جەھەتتىنلا تەتقىق قىلغان، كونكرېت تەرەپلىرىگە، ئۇششاق ھەم ئىنچىكە تەرەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە بولسا يەنىلا شارائىت يار بەرمىگەن، ياكى پۇرسەت بولمىغان چوڭ ئالىملارنىڭ تونۇپ يېتەلمىگەن بەزى مەسىلىلىرىنى بىز

تونۇۋالساق، ھېچقانداق غەلىتە ئىش بولمايدۇ، دەپ ھېسابلايمەن.

مەن چاغاتاي تىلىدا «ر» دېيىدىغان بىر ئۈزۈك تاۋۇش بولغانلىقىنى دېيىشتە، تۆۋەندىكىلەرنى ئاساس قىلىمەن:

بىرىنچى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان فونېتىك ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە، تەلەپپۇزغا بىنائەن كېلىدىغان يساكى ئېنىق ئاڭلاتقىلى بولمايدىغان يساكى تەلەپپۇز قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئوشۇقچە تۇيۇلىدىغان بەزى تىل تاۋۇشلىرى مۇئەييەن تىل شارائىتىدا نۇتۇقتا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان، ئۇ تەلەپپۇز قىلىنغان چاغدا قىسقا سوزۇق تاۋۇشلۇق بولغان بوغۇم مەزكۇر تىل تاۋۇشى (يەنى ئۈزۈك تاۋۇش) چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. مەسىلەن:

| قەدىمدە | | هازىر |
|---|---|---|
| ئۆتكەرمە | (ɵtkərmə) | ɵtkə:mə |
| كارناي | (karnay) | ka:nay |
| خەرمەن | (hərmən) | ha:man |
| ئەھمەد | (əhməd) | ə:mət |
| گەردەن | (gərdən) | gə:dən |
| سەھۋەن | (səh wən) | sə: wən |

هازىرقى تىلىمىزدىكى «sɵ:rimək» سۆزىمۇ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «sɵdrəmək» تەلەپپۇز قىلىناتتى. مەسىلەن، «بىرى دېپ سۆدرەلى خۇسرەۋغە تېگرۇ، بىرى دېپ ئېلتالى باشنى ئايرۇ.» (بىرى خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا سۆرەيلى (sɵ:rəyli) دېسە، بىرى بېشىنى كېسىپ ئېپكېتەيلى، دەيتتى) [ناۋايى: «فەرھاد - شىرىن» دىن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «چاغاتاي تىلى» ناملىق كىتاب، 73 - بەت]

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، يۇقىرىدىكى سۆزلەر تەركىبىدىكى «ر، ھ، د» ئۈزۈك تاۋۇشلىرى ئۆز زامانىسىدا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولسا، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بۈگۈنكى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق شەكىللىرى بولمىغان بولاتتى. بۇ — پاكىت. بىز مۇشۇ پاكىت ئاساسىدا مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە ھەقلىقمىز:

چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ئەرەبچىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر تەركىبىدىكى «ئەين»، «ئەلف» ۋە «ھەمزە» ھەرپلىرى ئۈزۈك تاۋۇش «ر» [?] تەلەپپۇز قىلىنىپ ئىشلىتىلگەن. ئۇزاق ئەسىرلىك ئىستېمال ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن بۇ ئۈزۈك تاۋۇش تەلەپپۇزغا بىنائەن بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە زامانىمىزغا كەلگەندە، نۇتۇقتا چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان بولغان. ئەگەر ئۆز زامانىسىدا تەلەپپۇز قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ ئەسلىدە تەۋە بولغان قىسقا

سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم مەزكۇر ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغانلىق بەدىلىگە ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇمغا ئايلىنىپ كەتكەن.

مەسىلەن: چاغاتاي تىلىدا («بۇلاق» ژۇرنىلى قاتارلىقلاردىن ئېلىندى)     هازىرقى تىلىمىزدا (ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتىمىزدىن ئېلىندى)

| | | |
|---|---|---|
| تەئتىل | [toʔtil] | tə:til |
| تەئسىر | [təʔsir] | tə:sir |
| تەئخىر | [təʔhir] | tə:hir |
| تەئنە | [təʔnə] | tə:nə |
| يەئنى | [yəʔni] | yə:ni |
| بەئزى | [bəʔzi] | bə:zi |
| مەئلۇم | [məʔlum] | mə:lum |
| كەئبە | [kəʔbə] | kə:bə |
| شوئلە | [xoʔlə] | xo:la |
| مەئنا | [məʔna] | mə:nə |
| مۆئجىزە | [meʔjizə] | me:jizə |
| مۆئمىن | [meʔmin] | me:min |
| نېئمەت | [neʔmət] | ne:mət |

ئىككىنچى، ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىدا، تەلەپپۇزدا تىلغا كىرىشىپ بەرمەيدىغان ياكى تازا ئېنىق تەلەپپۇز قىلغىلى بولمايدىغان، نۇتۇقتا بىلىنىپ تۇيۇلمايدىغان بەزى تىل تاۋۇشلىرى تەلەپپۇزى ئوڭايراق ياكى ئوچۇق ئاڭلاتقىلى بولىدىغان تاۋۇشلارغا ئالماشتۇرۇۋېتىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەت بار. ئالايلۇق:

| هازىر | قەدىمدە |
|---|---|
| ئۆي | ئۆد |
| نەۋرە | نەبىرە |
| زەخمەت | زەھمەت |
| ئەخمەت | ئەھمەد |

هازىرقى تىلىمىزدىكى «سارغايماق»، «قارايماق» سۆزلىرىمۇ قەدىمدە «سارغارماق»، «قارارماق» تەلەپپۇز قىلىناتتى، مەسىلەن، «قارارىپ دۇدى بىرلە خانۇمانىم» («ئۆندەك»، ئىسى بىلەن ئۆي-ماكانىم قارايدى) [ناۋايى: «فەرھاد-شىرىن» دىن].

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن «چاغاتاي تىلى»، 79 - بەت.]

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر خاس فونېتىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئۆزلەشكەن «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشلۇق چاغاتايچە سۆزلەرگىمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتكەن. يەنى چاغاتاي تىلىدىكى «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بەزى سۆزلەر زامانىمىزغا كەلگەندە «ي» ئۈزۈك تاۋۇشلۇق سۆزلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

| چاغاتايچىدا | | ھازىرقى تىلىمىزدا |
| --- | --- | --- |
| سەئدىن | [səʔdin] | səydin |
| سەئدۇللا | [səʔdulla] | səydulla |
| مەئدە | [məʔdə] | məydə |
| فېئل | [feʔl] | پەيل |

دېمەك، ئەگەر «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى چاغاتاي تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنمىغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ «ي» ئۈزۈك تاۋۇشىغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى كۆرۈلمەس ئىدى.

ئۈچىنچىسى، «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشى ئۇيغۇرلار تەلەپپۇز قىلالمايدىغان ۋە ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن پەقەتلا يوق تاۋۇشمۇ ئەمەس. ئالايلۇق، بۈيۈك ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ئۆز دىۋانىدا «ئائ» [aʔ] دېگەن بىر سۆزنى بېرىپ، ئۇنى «ھەيران قېلىش ۋە ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدىغان سۆز» دەپ ئىزاھلىغان ۋە «ئول مەنى ئائ قىلدى» (ئۇ مېنى ھەيران قالدۇردى) دېگەن مىسالنى كۆرسەتكەن. [«تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە) 1 - توم 55 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل 8 - ئاي نەشرى] مىڭ ئەپسۇس، بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى سەۋەنلىكتىن «ā» (يەنى a:) قىلىپ قويۇلغان. «دىۋان» 1 - توم، 107 - بەتتىن 112 - بەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى گۇۋاھ بولۇپ تۇرۇپتۇكى، مەھمۇت قەشقەرى «a:»(ā) ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشنى ئۈستىگە زەبەر بەلگىسى قويۇلغان ئىككى «ئەلىف» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، «a:y، a:x، a:s، a:r، a:z، a:q، a:t» دېگەن سۆزلەردە، «a:» ئۈچۈن ئىككى «ئەلىف» ئىشلىتىپ، «ساكىن» بەلگىسىنى ئۈزۈك تاۋۇشلار «y، x، s، r، z، q، t» لارنىڭ ئۈستىگە قويغان. ئەمما، «ئائ» [aʔ] سۆزى ئۈچۈن بولسا، زەبەرلىك بىر «ئەلىف» يېزىپ، يېنىدىكى ئىككىنچى «ئەلىف» ھەرپىنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق قىلىپ بىر «ساكىن» بەلگىسى قويغان. (بېرىلگەن مىساللىدىمۇ شۇنداق) مەزكۇر ساكىن بەلگىسى ئاشۇ بەلگە ئاستىدا تۇرغان «ئەلىف» نىڭ ئەسلى تاۋۇشى «ئ» [ʔ] ئۈزۈك تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلىنىش دېگەنلىك بولىدۇ دەپ قارايمەن.

ئەمەلىيەتتە، ھېلىھەممۇ بىز قاتتىق ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇب ئىلكىگە چۈشسەك «ئائ، مائ، ئۇئ، بۇئ...» دەپ كېتىمىز.

تۆتىنچى، خەلقىمىز ئىچىدە، ھېلىھەممۇ چاغاتايچە قولليازمىلاردىكى، قۇرئاندىكى «ساكىن» لىق «ئەين، ئەلىف ۋە ھەمزە» ھەرپلىرىنى ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» تەلەپپۇز قىلىدىغانلار بار. ئائىلىۋىق، خەتمىدىن ئۆتكەن قارىلار، دىنىي زاتلار قۇرئان كەرىم سۈرىلىرىنى تىلاۋەت قىلغاندا ياكى «ھەدىس» ئىبارىلىرىنى ئوقۇپ مەسىلە قىلىشقانلىرىدا، «مۆئمىنۇن ۋە مۆئمىنات»، «ئاللانىڭ نېئمىتى» دېگەندەك سۆزلەردە، ئاشۇ ئۈزۈك تاۋۇش «ئ» نى ناھايىتىمۇ ئېنىق تەلەپپۇز قىلغان ھالدا ئېيتىدۇ.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا يېڭىدىن شەكىللەنگەن بىر خىل تىل ھەقلىق يوسۇندا دەسلەپ شۇ مىللەت زىيالىيلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ئالدى بىلەن زىيالىيلار ئارىسىدا ئومۇملىشىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆز زامانىسىدىكى چاغاتاي تىلىنى «ئالدى بىلەن مۇللىلارنىڭ (زىيالىيلارنىڭ) تىلى بولغانىدى» دېيىشمۇ توغرا. ئەمدى، چاغاتاي تىلى دەۋرىدىكى مۇللىلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان ھازىرقى زامان ئۇيغۇر قارىلىرىنىڭ «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشىنى ئەينەن تەلەپپۇز قىلىپ ئىشلىتىۋاتقانلىقىنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ماۋزۇيىمىزدىكى مەسىلىنىڭ ھەقىقەتلىكىگە جانلىق پاكىت ۋە تىرىك شاھىت بولالايدۇ دەپ قارايمەن.

خۇلاسە قىلغاندا، چاغاتاي تىلىدا ھەقىقەتەنمۇ «ئ» دېيىلىدىغان بىر ئۈزۈك تاۋۇش ئىستېمال قىلىنغان. بىراق، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، «ئ» ئۈزۈك تاۋۇشىنىڭ كەڭ دائىرىلىك قوللىنىلغانلىقى سۆزلەنمەيدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ئىستېمالىدىمۇ «ئ» دېيىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش يوق. بۇ ھال بىر مىللەت تىلى فونېتىكىسىنىڭ تولىمۇ نازۇك، خاسلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى، باشقا مىللەت تىلىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن ھەرقانداق فونېتىك ھادىسىلەرنىڭ ھامان ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزلىشىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، ئاقىۋەت شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدىغانلىقىنى ياكى ئۆزگىچە خاس فونېتىك خۇسۇسىيەت ئاساسىدا ئۆزگەرتىۋېتىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 1990- يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك يادرولۇق رولىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك ........
..............ۋاڭ خۇەيىيۇ (1 - سان 1 - بەت)
ماركسىزم - لېنىنىزملىق نەزەرىيىسە قوراللىنىشنى كۈچەيتىش پۈتۈن
پارتىيىنىڭ ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى........ جاڭ بىڭيۇ (2 - سان 1 - بەت)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا قارىتىلغان ئىدىيىۋى - سىياسىي تەربىيە
توغرىسىدا ............ ئابدۇۋەلى ھامۇت (3 - سان 1 - بەت)
ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزدە سوتسىيالىزم دەۋرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى
تەكىتلىنىشى كېرەك ............ ئابلەت ئۆمەر (3 - سان 14 - بەت)
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى
توغرا ئىگىلەپ، سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ......
.............................. ئىلھام ياسىن (4 - سان 111 - بەت)
جەمئىيەت پەلسەپىسىنىڭ ئوبيېكتى، ۋەزىپىسى ۋە مېتودى توغرىسىدا
........... ئوۋياڭبىن. ياڭ خۇەنجاڭ (1 - سان 10 - بەت)
جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى توغرىسىدا ......
.............................. ئەھمەت يەھيا (1 - سان 33 - بەت)
رېئالىزملىق ئېستېتىكا پرىنسىپلىرى ۋاز كېچىشكە بولمايدىغان
ھەقىقەت ........................ ھېزىم قاسىم (2 - سان 20 - بەت)
ئەدەبىياتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى بەزى
نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر .................. ھېزىم قاسىم (4 - سان 1- بەت)
دۆلىتىمىزدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ۋەيران
بولۇش قانۇنى» نى يولغا قويۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى توغرىسىدا ......
............ ئابلىكىم ھەسەن، يولداش ھوشۇر (2 - سان 41- بەت)
دۆلىتىمىز مەمۇرى قانۇنچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا...............
..................... ... تۇرسۇننىياز ساۋۇر (2 - سان 49 - بەت)
ماركسىزملىق قانۇن نۇقتىئىنەزەرىدە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز قانۇنىنىڭ
ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىلمىي ئاساستا بىلىش توغرىسىدا ..........
.............. گاۋ ئىشى (قېيۇم قۇربان تەرجىمىسى) (4 - سان 95- بەت)
ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىكى ئەڭ قەدىمكى تەبىئەت - ئىلاھىيەت قاراشلىرى
توغرىسىدا ........... ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (1 - سان 62- بەت)

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دەرەخقە چوقۇنۇش ئېتىقادى توغرىسىدا ...
........ راھىلە داۋۇت (1 - سان 78 - بەت)

ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن دىنىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ........
........ ئابدۇكېرىم رەھمان (2 - سان 59 - بەت)

نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا ........
........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (3 - سان 25 - بەت)

«قۇتادغۇ بىلىك» مائارىپ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ........
........ ئابدۇللا ئۆمەر (2 - سان 72 - بەت)

ئۇيغۇرلاردىكى سېھىرگەرلىك ئادەتلىرى توغرىسىدا ........
........ ئوسمان ئىسمايىل (3 - سان 56 - بەت)

قومۇل دېگەن نام توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە ........
........ ئارسلان ئابدۇللا (1 - سان 84 - بەت)

«12 - ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىنىڭ ئالدى كەينىدىكى بەزى
ئەھۋاللار توغرىسىدا ........ مەھمۇتجان ئاسىم (1 - سان 109 - بەت)

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىدىن خاتىرە «خاتىرە يېزىش گۇرۇپپىسى»...
........ ن. ئەھمەدى تەرجىمىسى (1 -، 2 -، 3 - سان)

ئۈرخۇن - يېنىسەي مەڭگۈ تاشلىرىنىڭ تېپىلىشى ........
........ تۇرسۇن ھوشۇر (2 - سان 118 - بەت)

سوۋېت ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە ...... ھاكىم جاپپار (2 - سان 126 - بەت)

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە...... مەھمۇتجان ئاسىم (3 - سان 112 - ب)

يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى — شىنجاڭ ........
........ ئابدۇكېرىم رەھمان، غەيرەتجان ئوسمان (4 - سان 14 - بەت)

مەلىكە ئامىنا ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى ........
........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن (4 - سان 28 - بەت)

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى بىلەن
بولغان دوستانە مۇناسىۋەتلىرى ........ ھەبىبۇللا خوجا (4 - سان 38 - بەت)

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ھەققىدە ...... مەھمۇتجان ئاسىم (4 - سان 45 - بەت)

«تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى ئارشاكلار خانلىقى توغرىسىدا ........

...... شېرىن قۇربان (4 - سان 62 - بەت)

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئالىم - جامالىددىن ......
...... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (4 - سان 70 - بەت)

يوغۇرلار ھەققىدە خاتىرە ....راھىلە داۋۇت،كوممۇنا جانبۇر (4 - سان 79 - بەت)

سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات
توغرىسىدا ...... ئەنۋەر تاجىدىن (1 - سان 48 - بەت)

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيىسى ھەققىدە ......
...... شېرىن قۇربان (2 - سان 106 - بەت)

مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى
توغرىسىدا ...... رەھمۇتۇللا جارى (3 - سان 43 - بەت)

ئوخشۇتۇش توغرىسىدا ئىزدىنىش ......
...... ئارسلان ئابدۇللا (3 - سان 67 - بەت)

بەزى يەر - جاي نامىلىرىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە ......
...... رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا (1 - سان 98 - بەت)

لۇغەتتىن چىقىرىۋېتىلگەن بىر سۆز توغرىسىدا ......
...... ئابدۇرۇپ پولات (1 - سان 102 - بەت)

كوررېكتورلۇق ۋە ئۇنىڭدىكى بەزى تېخنىكىلىق مەسىلىلەر ......
...... ئوسمان ئۆمەر (2 - سان 82 - بەت)

كەلپىن شېۋىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ......
...... ئىسلام يۈسۈپ (2 - سان 98 - بەت)

ئىچكى سېمانتىكىلىق قۇرۇلمىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا ......
...... ئابدۇشۈكۈر ھەسەن، گاۋلىچىن (3 - سان 88 - بەت)

كۆپ مەنىلىك سۆز ۋە سۆزنىڭ كۆپ مەنىسى ھەققىدە ......
...... مەمتىلى دانى (3 - سان 104 - بەت)

قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە
...... چىن شىمىڭ (4 - سان 120 - بەت)

چاغاتاي تىلىدىكى 25 - ئۆزۈك تاۋۇش «ڎ» [?] توغرىسىدا ......
...... ئابدۇرۇپ پولات (4 - سان 134 - بەت)

# 新疆大学学报

（哲学社会科学维文版）

1990年 第4期

（总第44期）


## 目　　录


文学与政治关系中的几个问题 ……………………………………………艾孜木·卡斯木

丝绸之路的枢纽——新疆 ……………… 阿不都克力木·热合曼、艾来提江·乌斯曼

阿史那公主与西域艺术 ……………………………………阿不都许库尔·穆罕默德依明

高昌汗国与中原地区的友好关系 ………………………………………艾比布拉·霍加

三区革命是中国新民主主义革命的一部分（续） …………………麦合穆提江·阿斯木

论《史记》中的安息王朝 …………………………………………………西仁·库尔班

元朝时期的维吾尔学者贾玛力丁 …………………………阿不力孜·买买提沙衣拉木

关于裕固人 ……………………………………………………热衣拉·达吾提，卡木纳

坚持马克思主义法律观，科学认识我国法的本质属性 ……………………………港实

掌握好大学生的思想心理特征，加强政治思想教育 ……………………伊力哈木·亚生

论汉语古籍文献的翻译问题 ………………………………………………………陈世明

浅谈察合台语中的第二十五个辅音《ء》[ʔ] …………………… 阿布都肉甫·普拉提



جاۋابكار مۇھەررىر: كۈرەش مەھمۇت

# Journal of Xinjiang University

## (Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

No 4. 1990 (Total: No. 44)


## Contents


Some theoretical issues of the Relationship between Literature and Politics ········ *Aizim Kasim*

The Meeting on the Silk Road—Xinjiang ········ *Abdukerem Rahmaa*, *Ghairat Osman*

Asina Princess and the Art of the Western Regions ······ *Abduxukur Muhammatimin*

The Friendly Relationship between Idkud Uyghur Han Dynasty and Zhongyuen District ········ *Hibibulla Huja*

The Three Regions Revolution is a part of the Chinese New - demo cratic Revolution (Continuation) ········ *Mahmutjan Asim*

On the Arxak Dynasty in the «Historical Records» ········ *Xiren Kurban*

Uyghur Scholar Jamaldin during the Yuan Dynasty ······ *Abliz Mamatsayrami*

A discursion on Yugur ········ *Rayila Dawut· Kamuna*

To Adhere to Marxist Legal View and to realize the Nature Attribute of Our Law ········ *Gang Shi*

To Grasp the Ideological and Psychological Characteristics of University Students and to Strengthen Political and Ideological Education ········ *Ilham Yasen*

A Preliminary Inquiry in Translating Ancient Chinese Articles ········ *Chen Shiming*

A Talk on the Twenty - fifth Consonant «ژ» «?» in Qagtay Language ······ *Abdurup Polat*



شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى

新疆大学学报

JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

（哲学社会科学维文版）

季　刊

发行范围：　公开发行

تۈزگۈچى: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ داشۆ

باش مۇھەررىر: نىجات ئەھمەتجان

شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى ھەممە يەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى 国内统一刊号CN65—1035/C

بۇ ژۇرنال ئاشكارا تارقىتىلىدۇ. ۋاكالەت نومۇرى: 58—13. باھاسى: 1.00 يۈەن